ISSN: 2602–389X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۈنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2019 ـ يىللىق 1 ـ سان

ئومۇمىي 5 ـ سان



www.uyghurkitap.com
















1 ـ رەسىم: 2019 ـ يىلى مارتتا مېيۇنخېندا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىگە قويۇلغان «كارۋان» ناملىق رەسىم.
2ـ رەسىم: «بازار» ۋە «ئۆيگە قايتىش» ناملىق ئەسەرلەر.
3 ، 4 – رەسىم: كۆرگەزمە جەريانىدىن بىرقانچە كۆرۈنۈش.
5 ـ رەسىم: مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەت ۋە ئايالى بىلەن بىرلىكتە.
6 ـ رەسىم: رەسسام ئۆز ئىجادىيەتخانىسىدا.

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

### ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو ـ سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

### ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

### ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل ـ يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

### ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئامموۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش ژۇرنىلى» تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

/izdinish /izdinish

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

## ئىجاتكارلىرىمىز

20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى ، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن.......................... 6
كۆرەش ئۆلدى، ئەمما كۆرەش ئۆلمەيدۇ.....................ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە) 25
ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ...................قازاقىستان يازغۇچىلار بىرلەشمىسى (قازاقىستان) 31

## ھېكايىلەر باغچىسى

توختى پوكان ۋە غالتەك ۋەقەسى..............................ئابلىمىت غوجابدۇللا قاراقاش 44
بىر چاغلاردا ئانامنۇ بالا ئىكەن.............................. ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە) 63
تۈركچىدىن ئەسما ئىلھام ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
ئاياقلىرىڭلارنى تازىلاپ بەرگىلى كەلدىم........................... مەج خارراھ (ئامېرىكا) 65
ئېنگلىزچىدىن دىلدۇز تىلمان تەرجىمىسى
ھەقىقىي بەخت..........................................لېۋ. تولستوي (روسىيە) 76
تۈركچىدىن ھەبىبۇللا ئابلىمىت ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

ئىككى شېئىر.................................. مارىيام نىزامدۇنوۋنا (قازاقىستان) 52
شېئىرلار............................................ نازگۈل ئاكىموۋا (قازاقىستان) 53
شېئىرلار.................................... ماسماخۇنوۋا رۇفىنا رەخمىدىن قىزى (قازاقىستان) 55
جاۋاب.............................................. سۇنۇر دىلناز (قازاقىستان) 56

## تەپەككۇر كۆزنىكى

ئەقلىيە سۆزلەر.......................................... مەجھۇل (گېرمانىيە) 57

**2019 ـ يىللىق 1 ـ سان**
**ئومۇمىي 5 ـ سان**
ISSN: 2602–389X

**ژۇرنال مەسئۇلى ، مۇھەررىرى**
مۇرات ئورخۇن

**باش تەھرىر:**
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)

**تەھرىر ھەيئىتى**
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقىيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**
نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**
ئالىمجان ئىبراھىم

## شېئرىيەت گۈلزارى

جەسۇر ئوغلان ........................................ غېرىبى ۋەيران (تۈركىيە) 30
تەڭرىتاغ پاجىئەسى ........................................ ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق (قازاقىستان) 37
گۈلنىڭ كۆز پەسلى........................................سەرۋى (ئامېرىكا) 39
يوق! ........................................ ئابدۇرەھىم پاراچ 41
تۈركلەرگە مۇراجىئەت........................................ ۋىلىيام مولۇت ( قازاقىستان) 42
سەرسانلىق يېشى........................................ ئۇيغۇرۇللاھ 42
يۈزلىنىش ........................................ فاتىمە سەبىياھ (ئاۋستىرالىيە) 43
شېئىرلار ........................................ قاسىمجان ئەيسا (قىرغىزىستان) 60
چاقىر مېنى........................................ نادىرە ئافاقوۋا (ئۆزبېكىستان) 61
ئۆزبېكچىدىن راھىلە كامال ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
ئەييۇھانناس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!........................................ تامچە (ئاۋستىرالىيە) 61
دۆڭكۆۋرۈكتىكى تۆگە........................................ئۆمەرمۇھەممەتئىمىن كىروران 62
ئارزۇيۇم مېنىڭ........................................ پەرىدە نىياز (گېرمانىيە) 83
ئوتتۇز بەش ياش........................................جاھىد سىدقى تارانچى (تۈركىيە) 84
تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
مەن سېنى سۆيۈپ قالغاندەك........................................مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن) 85
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇرۇللاھ
شېئىرلار........................................ ئالىمجان مەتقاسىم (غەمناكى) 87
يېڭى يىل تۇيغۇلىرى ........................................ ئالماس ھاجى 88

## بىلىم ۋە تەتقىقات

ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوبرازى........................................ زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە) 67
خاسىيەتلىك قەغەز ۋە مەن........................................ تۇرسۇنجان ھامۇت 73
«قاناتلىق پەرىشتە» نىڭ سىرى ........................................ زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋېتسىيە) 80

## خەلق ئەدەبىياتى

ھايۋاناتلارغا ئائىت ماقال-تەمسىل ۋە ئىدىيوملار........................................«ئانا تىل» تورى 89
ماقال-تەمسىللەرنىڭ ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى........................................«ئانا تىل» تورى 91

## قىسقا خەۋەرلەر

ئۇيغۇر رەسسامى مەرۋايىت ھاپىزنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقئارا كۆرگەزمىدە ........................................ نەۋباھار (شىۋېتسىيە) 93
قازاقىستاندا ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنى خاتىرلەش خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى........................................ئابدۇمىجىت ۋارىسئوغلى ئابدۇللايېۋ (قازاقىستان) 95
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كىرىل ھەرپى نۇسخىسى قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى ........................................م.يۇنۇسوۋا ( قازاقىستان) 97

## كىتابلىرىمىز

باللارنىڭ ئۆلچەملىك «ئېلىپبە» سى ........................................ 99
«32 ھەرپنىڭ پەسلى» _ ھەرپلەرنىڭ ھېكمەت خەزىنىسى........................................ 100
«ئويۇنلار ۋادىسى تۈركىيە»بىزگە بىر كارتىنا ياراتتى........................................ 101
«تەپەككۇر ۋە تۇزاق»دىن تەپەككۇر جەۋھەرلىرى........................................ 102

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر رەسسامى مەرۋايىت ھاپىزنىڭ «كارۋان» ناملىق ئەسىرى

www.uyghurkitap.com



# 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەسما ئىلھام

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بوسۇش خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى شانلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم، تالانتلىق ئەدىب ۋە تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەتئىمىن، ئانىسىنىڭ ئىسمى ھەمراخان خانىم ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېگانە پەرزەنتى بولغان ئابدۇشۇكۇرگە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە شۇكرىللاھ دەپ ئات قويۇلغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادا تەرەپ بوۋىسى ئىبراھىم ھاجىم 1910 ـ يىللىرى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول شەھىرىگە چىقىپ دادىسى مەتىمىن ھاجىمدىن قالغان كۆنچىلىك كارخانىسىنى باشقۇرغان، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاراقول، تاشكەنتلەردە ئوقۇغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئانىسى ھەمراخانىم ئاتۇشلۇق خوجا قاسىم دېگەن باينىڭ يەتتىنچى پەرزەنتى شۇنداقلا بىردىن بىر قىزى ئىدى، خوجا قاسىمباي ئائىلىسى ئەينى يىللىرى ئەنجان شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1920 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى بىر ھېيت ھارپىسىدا خوجا قاسىمباي ئايالى ۋە باللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قىزى ھەمراخاننى يېقىن ئەتراپتىكى ناس ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدىن ناس ئەكېلىشكە بۇيرىغان، شۇ ئارىدا ئەنجان ـ قوقان قىشلاقلىرىدا پائالىيەت قىلىدىغان تۇرەجان باسمىچىلىرى خوجا قاسىمباينىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ خوجا قاسىمباينى ئايالى ۋە ئالتە ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئوققا تۇتۇپ چىقىپ كەتكەن ، بۇ قانلىق پاجىئەدە پەقەت ناس سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەن ھەمراخانلا ئامان قالغان .

قاراقولدا تۇرۇپ بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ھاجىم تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا قارا يېتىم بولۇپ قالغان بۇ يالغۇز قىزنى ئەنجاندىن قاراقولدىكى ئائىلىسىگە ياندۇرۇپ كېلىپ تەربىيىلەپ، ئوقۇتقان، كېيىنچە ئوغلى مۇھەممەتىمىن بىلەن بىر نەۋرە بولغان ھەمراخاننى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويغان.

مۇھەممەتئىمىن بىلەن ھەمراخان 1920 ـ يىللىرى قاراقول، تاشكەنتلەردە تۇرغان، 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئىبراھىم ھاجىم ئائىلىسى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن، مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىم بىلەن ھەمراخانىممۇ بىرگە قايتىپ كەلگەن، 1933 ـ

يىلى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغان.

مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن 1935 ـ يىلى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئايالى ھەمراخانىم ۋە ئىككى ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۇكۇرنى ئېلىپ قارا ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا سانايى نەفىسەخىزمىتىگە پائال قاتناشقان. 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى «غەربى زالدىكى يىغىنغا قاتناشقان» دېگەن باھانە بىلەن دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى بىلەن دەسلەپ خوتەن مەسچىتى ئۇدۇلىدىكى بىر قورۇدا ئولتۇرغان، ئۇ دەسلەپتە خوتەن مەسچىتى ئۇدۇلىدىكى باشلانغۇچ سىنىپتا، كېيىن ئاق مەسچىت قورۇسىدىكى باشلانغۇچ سىنىپتا، كېيىن بۇلاق بېشى مەھەللىسىدىكى ھازىرقى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە باشلانغۇچ مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولغان، ئانىسى ھەمراخانىم بۇ قىيىن كۈنلەردە تىككۈچىلىك قىلىپ ئائىلىنى قامدىغان.

1944 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم تۇيۇقسىز تۈرمىدىن چىققان، ئۆزىنىڭ خاتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلىدىغان بۇ كىشى شۇ كۈنىلا ئۆي ـ بىساتىنى سېتىپ، خوتۇن ـ بالىسىنى ئېلىپ پەيزىۋاتقا تەۋە قوشاۋاتلىق روزى ئاخۇن دېگەن ھارۋىكەشنىڭ ئۈستى كىگىز بىلەن يېپىلغان ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ كېچىلەپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان .

بۇ قېتىمقى 95 كۈنلۈك سەپەر گۆدەك ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتى، تارىم ۋادىسىنىڭ چۆل ۋە بوستانلىقلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشۇش پۇرسىتى بولغان بىر سەپەر بولغانىدى. ئەينى چاغدىكى قەشقەر ـ ئۈرۈمچى يولى يۇرت ـ بوستانلىق ئارىلاپ ماڭىدىغان ئاۋات يول ئىدى، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە يېقىن يۇرتلاردا نۆۋەت بويىچە ھەپتىنىڭ ھەركۈنى بازار بولىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بازار كۆرۈپ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ ماڭغان، بۇ سەپەر ۋە سەپەر تەسىراتلىرى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ كېيىنكى ھاياتىدا بىر قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تۇل قالغان چوڭ ئانىسى ئانارخان قەشقەر جانقورغاندىكى بىر قورۇدا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇدۇل قەشقەرگە بېرىپ شۇ يەرگە چۈشكەن، شېڭ شىسەي بىلەن ۋۇجۇڭشىننىڭ ھوقۇق ئۆتكۈزۈۋېلىش پەيتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى راستىنلا خاتا قويۇپ بېرىلگەن مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى قولغا ئېلىنغان. ئانىسى ھەمراخانىم ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى ئىنايىتىللا ئەپەندى مەسئۇللۇقىدىكى دورىخانىدا دورا ياساش خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان، ھەمراخانىم 12 ـ 13 ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ مۇدەررىسى دوك قارىھاجىمنىڭ شاگىرتى ئابدۇرۇسۇل قارىغا دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قىسقا مۇددەت دىنىي تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلىغىچە نەزەرباغدىكى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا تۆت يىل ئوقۇغان.



1950 ـ يىلى غەربىي شىمال ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. يىغىندىن كېيىن شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكىسكۇرسىيەدە بولغان،1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان، 1952 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مەكتەپتە بىر تەرەپتىن ئۆسۈملۈكلەر فىزىئولوگىيىسى، ئۆسۈملۈكلەر

www.uyghurkitap.com

پاتالوگىيىسى، ھاشارەتشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەرگە تەرجىمان ئوقۇتقۇچى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن فىزىكا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاگرونومىيە سىنىپلىرىغا ماركسىزم ئاساسلىرى، پەلسەپە دەرسلىرىنى ئۆتكەن . بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ دەرس مىقدارى بەك كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا چارچاپ ئاغرىپ قالغان، شۇ سەۋەبتىن قەشقەرگە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا داۋالانغىلى بېرىپ ئاتۇش بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى گۈزەل تويۇن يايلىقىدا ئۈچ ئاي ئارام ئالغان. بۇ جەرياندا ئالتۇن ئىسىملىك شوخ بىر قىرغىز قىزى ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان، مۇشۇ تەسىر ئاساسىدا كېيىن «ئالتۇنقىز» ناملىق ھېكايىسىنى يازغان.

1953 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ بىر يىل چامىسىدا بىلىم ئاشۇرغان، ئاسپىرانتورىيىنى پۈتتۈرۈپ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزم كافىدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بىر نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن ۋە بۇ دەرسلەرنىڭ دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئىقتىدارلىق ياش ئوقۇتقۇچى 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان، ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا رەسمىي باشلانغان. ئۇنىڭ ئىككى تىلدا يازغان « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى 1956 ـ يىلى مەزكۇر ئىلمىي ژورنالنىڭ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئىدى، ئۇ مۇشۇ ماقالىسى سەۋەبىدىن 20 يىل ئوڭچى قالپىقى كىيگەن.

1975 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت «شىنجاڭدا 1944 ـ 1949، ـ يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابى» دېگەن كىتابنى مىجىت قاسىم ، مۇزەپپەر ئەزىزلەر بىلەن بىرلىشىپ يازغان، ئەمما شۇ يىللىرى جۇڭگو مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرى بىلەن بۇ ئەمگەك مېۋىلىرى نەشر قىلىنمىغان . بۇ ھەرىكەت باشلىنىش بىلەن تەڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن« يېزا تۈرمۇشىنى كۆرمىگەن ياش ماركسىزىمچى » دېگەن باھانە بىلەن باشلانغۇچ كوپېراتىپلارنى ئالىي كوپېراتىپقا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان كادىرلار تۈركۈمىدە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى شاكالاۋات كەنتىگە ئەۋەتىلىپ مەسئۇل كادىر بولۇپ ئىشلىگەن، يېرىم يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان ھەم «ئوڭغا مايىل » دەپ قارىلىپ كۈرەش قىلىنغان. 1950 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسى 1958 ـ يىلى ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن، لېكىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلپىگە قوشۇلمىغان.

1959 ـ يىلى ئۇنىڭغا «ئوڭچى قالپىقى» كەيدۈرۈلۈپ خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا ئەۋەتىلگەن. پۈتكۈل جۇڭگو جەمئىيىتى ئاچارچىلىق قىيامىتىدە قىينىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئۇ ئىككى يېرىم يىلنى ئۈرۈمچىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، سانجىنىڭ يۇقىرىسىدىكى غەربىي گوبى چۆللىكىدە ۋە ئەمگەك، جاپا ـ مۇشەققەت، دەرد ـ ئەلەم ۋە ئاچ ـ زارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شۇنداق مۇشەققەتلىك كۈنلەردىمۇ ئۇ رۇس تىلى ئۆگىنىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان، بۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا تونۇشقان دوستى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم كۆپ يار ـ يۆلەك بولغان.

1961 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ، 1962 ـ يىلى ئانىسى ھەمراخانىم ئۇنى ئالغىلى بىشكەك ( ئەينى چاغدا فرونزى دېيىلەتتى) تىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شۇ چاغدىلا دادىسىنىڭ 1961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان .

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تارىخ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئېغىر تىنىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئەنسىزلىك، سىياسىي سولچىللىق شەخسنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس نەرسىگە، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئانىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ خاتىرجەم ھايات يولىنى تاللىماستىن، ئۈرۈمچىدە قېلىشنى قارار قىلغان، ئانىسى ئىلاجسىز 1962 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپ، دۇنيالىقتىكى يالغۇز ئوغلىنى تەقدىرگە تاپشۇرۇپ، بىشكەككە قايتىپ كەتكەن ھەم ئىزچىل خەت ئالاقىسى بولۇپ تۇرغان.



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغانغا قەدەر تۆت يىل جەرياندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا بۇ ئىلىمخۇمار ئالىم جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» نى، «24 تارىخ» نى، ئەنگلىيە دراماتورگى شېكسپىرنىڭ 36 سەھنە ئەسىرىنى، ھىندىستاننىڭ رامانايا، ماخاپىراتا داستانلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 15 توملۇق(32 كىتاب) «دۇنيا تارىخى» نى، «ئومۇمىي تاڭ نەزمىلىرى»نى، بايرۇننىڭ «دون جۇئان» داستانىنى، ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسېيا» داستانلىرىنى، يۇنان ۋە رىمنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى، «قۇرئان كەرىم»، «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى، ئەپلاتون، ئارستوتىل ئەسەرلىرىنى، دانتىنىڭ «تەڭرى كومېدىيىسى» داستانىنى، گومورو ۋە تيەنخەننىڭ تارىخى دراملىرىنى، ماركىس ئېنگېلىس ئەسەرلىرىنى، نەۋائى، بابۇر، مەشرەپ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ جەرياندا 30 نەچچە دەپتەرنى ئۆگىنىش خاتىرىسى بىلەن تولدۇرغان. ئۇ مۇشۇ يىللاردا «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ناملىق داستان ۋە «سۇمرۇغلار قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «خەن ئوردىسىدا باھار»، «مەلىكە خۇئارۇڭ»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسماس قىلىچ»، «پىلە مەلىكىسى» قاتارلىق يەتتە پارچە تارىخي دراما يېزىپ چىققان. «جاۋاھۇل ھاقايىق» دېگەن ماۋزۇدا قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا (بۇ كىتاب 1995 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 4 ـ قېتىم تۈزىتىلگەندە ئالىم «قەدىمكى تۇران تارىخى» دەپ ئاتىغان) ناملىق كىتابىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. يەنە بارماق ۋەزنىلىك بىر تۈركۈم مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يېزىپ چىققان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بۇ ئالىم ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا پارچە ـ پارچە يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ( بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تۇنجى نەسرلەر توپلىمى) ناملىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى تولۇق تاماملىغان.

1978 ـ يىلى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن سىياسىي جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا ئوچچى قىلىنغان دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان ۋە 1980 ـ يىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئومۇمىي ئىستىتىكا دەرسىنى تەسىس قىلىپ ئۆتۈشكە كىرىشكەن .



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىتاب، ماقالە، رۇبائىي، شېئىر- غەزەللىرى ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1986- يىلى ئۇ ياپونىيەدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى- قۇتادغۇبىلىك» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن.



1980- يىللاردا ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا- ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومۇمىي پستپتىكا»، «چوغلۇق»، «رۇبائىيات(1)»، «رۇبائىيات(2)»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە 1980- يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىنغان «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەسرەتلىك خىياللار»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» قاتارلىق بىر قاتار ئېسىل ماقالىلىرى ۋە «سكىتاي- ساك- ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق ئەنئەنىسى»، «نورۇز بايرىمى ۋەئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى چۈشىنىشتە ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ ئاشۇ يىللاردا يازغان ۋە تۈزەتكەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت تاشكىمىر سەنئىتى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر- بىرلەپ نەشر قىلىندى. «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «سوغدىلار ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسىمۇ گېزىت- ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا يېپيېڭى تۆھپە قوشقان ئىدى.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يىپەك يولى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تۆھپىكار باغۋىنى، مول مېۋىلىك پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ بىر تالاي يازمىلىرىنى، گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلىرىنى خەلقىگە قالدۇرۇپ، 1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى زىققا كېسىلىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى سەۋەبى بىلەن 62 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن يەنى شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشلانغان بولۇپ، 40 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ ياشلىق تەلپۈنۈشلىرىنى، ھۆرلۈك، ئازادلىققا تەشنا قەلبىنى شېئىرى مىسرالىرىدا ئىزھار قىلغانىدى. 1956 - يىلى مەتبۇئاتتا ئاشكارە ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 23 ياشلىق بۇ ئىلىم ساھىبىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە تاشلىغان تۇنجى قەدىمى، مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى تۇنجى مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالاھەزەل 40 يىللىق ئىلمىي ھاياتىدا ئالدى - كەينى بولۇپ، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، « قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، « ئائىلە»، « سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، «چوغلۇق»، «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يورۇققا چىقاردى. 137 پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە، ياپون، ئېنگلىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر مۇنچە قولىيازمىلىرى ئارگىنال ھالەتتە تېخى نەشر قىلىنمىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك 44 پارچە ماقالىسى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، نەشر قىلىنغان ئېلان قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ ( بۇنىڭدا ئەدەبىي تەرجىمىلەرمۇ، ئىلمىي ئەسەر ۋە ماقالىلەرنىڭ تەرجىمىلىرىمۇ بار ) ئاز ئەمەس. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە ھەر خىل ژانىردىكى نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلار توققۇز پارچە شېئىر ۋە غەزەللەر توپلىمى، ئىككى پارچە نەسرلەر توپلىمى، ئىككى پارچە كىنو سىنارىيىسى، ئىككى پارچە ئەسلىمە، بىر پارچە رومان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىي سالماقنى ئىگەللىگەن بولۇپ، تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، رەڭدار، نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدۇ، نۇرغۇن ساھەلەرگە تۇتىشىدۇ . لېكىن بۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىر نۇقتىنى مەركەز قىلغان، ئۇ بولسىمۇ - ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلمىي ماقالىسىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى ئاساسىي ياقتىن مەقسەتلىك ھالدا تەتقىقاتنىڭ مانا شۇ چوڭ تېمىسىغا بېغىشلىغان. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ بۇ جەھەتلەردىكى پەلسەپە، ئېستېتىكا قاتارلىق پەنلەردىكى تەتقىقات ئاساسىنى، تەجرىبىلىرىنى، جۇغلانمىسىنى، تەتقىقات ئۇسۇلىنى مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئېلىپ كىرگەن. ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى قاتلاملىرىدىكى تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، سەنئەت، فولكلور، دىن، ئېتىقاد، ئارخېئولوگىيە، ئېكولوگىيە قاتارلىق كۆپ خىل تەركىبلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، قولىغا ئالغان ھەر بىر كونكرېت تەتقىقات تېمىسىنى تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلغان، تەتقىقاتنىڭ ئاددىي، تۈز، يۈزە بولۇشىدىن ساقلىنىپ، چوڭقۇرلۇقىنى، ئىلمىيلىكىنى، چىنلىقىنى كۆزلىگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسى، يەتكەن سەۋىيىسى زامانداشلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى بىر ئالىم، ئالىملىق ماقامىغا يەتكەن بىر ئالىم ۋە مۇتەپەككۇردۇر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنشۇناسلىق ئىلمىنى مۇپەسسەل تەتقىق قىلىش بىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىز، ئۇيغۇر ئىستراتېگىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر.



ئائىلىمىنىڭ ئائىلىۋى سۈرىتى



ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رەپىقىسى بىلەن
قازاقىستان ساياھىتىدە



ئالىمنىڭ ياپونىيە ساياھەت خاتىرىسى

## ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى

### نەشر قىلىنغان كىتابلىرى:

1.«شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.
2.«ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى <ئون ئىككى مۇقام> ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان.
3.«رۇبائىيات»(1)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان.
4.«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلىنىنغان ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن).
5.«چوغلۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان.
6.«ئومۇمىي ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
7.«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
8.«قارلىق تاغ شەجەرىسى» شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.
9.«رۇبائىيات» (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلىنغان.
10.«قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 - يىلى نەشر قىلىنغان.
11.«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان.
12.«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان.
13.«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان.
14.«<قۇتادغۇبىلىك> خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 يىلى نەشر قىلىنغان.
15.«سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان.
16.«ئابدۇشكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان.
17.«يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان.
18.«ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدىنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.
19.«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»(«تۇران تارىخى»)، شىنجاڭ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
20.«ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان.

### ئالىمنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن كىتابلار:

1. «جاھاننامە»(2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «گۈللۈك دوپپا توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشر قىلىنىنغان .
2. «مەھمۇد قەشقەرى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
3. «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە غەزەل، بىر پارچە مۇخەممەسى كىرگۈزۈلگەن) مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشر قىلىنىنغان .
4. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «يۈكسەك قەلبنىڭ شېئىرى ھەيكىلى» ناملىق ئوبزورى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
5. «يېڭى رۇبائىيلار» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ ئالتە پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن ) مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان.
6. « <قۇتادغۇ بىلىك> ھەققىدە بايان» (1) ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي قىممىتى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
7. «<قۇتادغۇ بىلىك> ھەققىدە بايان» (2) (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشر قىلىنىنغان.
8. «ئاھ ، يۇلتۇزلار » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشر قىلىنغان.

9. «ياپراقتىكى نەقىشلەر» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ تۆت پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
10. «توي چاچقۇسى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 17پارچە رۇبائىي ۋە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
11. «100شېئىر» ( بۇكىتابقا ئالىمنىڭ ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
12. «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
13. «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئىزگۈ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
14. «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى ـ قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
15. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
16. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2) (ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2 ـ پاراگراف ۋە 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 10 ـ بابلىرىنى يازغان )، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
17. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
18. «ئىبنى سىنا ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ( ئالىم بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەرگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
19. «سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئاساسلىرى» (ئالىم بۇ كىتابقا بېغشلىما ماقالىسى يېزىپ بەرگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
20. «ئاھ، نۇرلۇق ئابىدىلەر» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بەش پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
21. «ئابدۇكېرىم خوجا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ بىر پارچە شېئىرى ۋە «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ياشايدۇ» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان.
22. «ئەدەبىيات» (بۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىك كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ « كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
23. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى» ناملىق ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن)، ئەنخۈي خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .
24. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى» ( ئالىم بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇ، ئۆزبېك، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىغا ئائىت قىسمىنى يازغان).
25. «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. (خەنزۇچە).
26. «شاھنامە» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مىسلىسىز ئەزىمەت، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان.
27. «كۈكزى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 2540 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇھاكىمە ماقالىلار توپلىمى » ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «كۇڭفۇزى ۋە قوچۇ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن )، شاڭخەي سەنلەن كىتاب نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.
28. «بۈيۈك شائىر ئەلشىر ناۋائىي» ( بۇ كىتاپقا ئالىمنىڭ «ئەلشىر ناۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى

ئۇستىدە ئىزدىنىش» ۋە «ئەلشىر ناۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان.

29. «تارىم ۋە مەن» ( بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «تەبرىك ۋە ئۈمىد» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشر قىلغان.

30. «تاللانغان رۇبائىيلار» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ 10 پارچە رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن ) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىلى نەشر قىلغان.

31. «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى» (بۇ كىتابقا ئالىمنىڭ «شېئىرىيەت ئېستېتىكىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان.

## ئالىمنىڭ ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى:

ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تا ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 200 پارچىگە يېقىن بولۇپ، بۇ ماقالىلاردىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دە 168 پارچە، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» دا 181 پارچە، «كىتاب مۇنبىرى» ژورنىلىدا 170 پارچىنىڭ كاتولوگى ئېلان قىلىنغان.

1. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 - يىل ئۇيغۇرچە 3 - سان، خەنزۇچە 4 - سان).

2. «ئەدەبىيات - سەنئەتتە تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىم » ( «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 - يىلى ئۇيغۇرچە 4 - سان).

3. «ئۇيغۇر پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات تېزىسلىرى »( <1> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 - يىللىق ئۇيغۇرچە 2 - سان ؛ <2> «پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1980 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سان).

4. «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 -يىللىق ئۇيغۇرچە 4 - سان).

5. «نان ۋە تونۇر» («مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»" 1980 - يىلى 3 - سان ، خەنزۇچە نۇسخىسى ).

6. «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن» ( <1> «شىنجاڭ گېزىتى» 1980 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى؛ <2> «شىنجاڭ سەنئىتى» 1980 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سان ؛ <3> «يىپەك يولى مۇزىكا سەنئىتى» 1980 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان خەنزۇچە ماقالىلار توپلىمى، بۇ توپلامغا ئالىمنىڭ يۇقارقى ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن؛ <4> «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1980 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سان) .

7. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى - ئىبىن سىنا» (ئىبىن سىنا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1980 - يىللىق 3 - سان.

8. «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى» (<1> «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى 1980 - يىللىق 4 - سان ؛ <2> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىللىق 2 - سان).

9. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ - فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىللىق 2 - سان).

10. «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» («تارىم» ژۇرنىلى 1981 - يىللىق 4 - سان ).

11. «<ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى> نىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانى).

12. «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخى قىممىتى» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981 - يىللىق 1 - سانى).

13. «قەدىمى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا» («پەلسەپە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1981 - يىللىق 11 - سان).

14. «<ئەل قانۇن فىت تىب> ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان).
15. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا بوستانلىق بىلەن چۆللۇكنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان).
16. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت زات توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان).
17. «گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ رولى» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىللىق 10 ـ ، 11 ـ ، 12 ـ سانلىرى).
18. «ئاماننىساخان ۋە ئون ئىككى مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان).
19. «ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1982 ـ 4 ـ سان).
20. «رۇخسارى مۇقامى ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زىكرى ئەلفەتتار» («شىنجاڭ گېزىتى» 1982 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانى).
21. «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايانده» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان).
22. «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى زېمىنىنى ئاچايلى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان).
23. «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق خەزۇچە 2 ـ سان ).
24. «"قۇتادغۇبىلىك" ۋە مائارىپشۇناسلىق» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 9 ـ ، 10 ـ سانلىرى).
25. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى تەسۋىرى» («قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان).
26. «قەدىمكى كۈسەن كلاسسىك ئۇسۇلى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى سانى).
27. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى <ئون ئىككى مۇقام> ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» («قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان).
28. «<پەرھاد ـ شىرىن> تراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رىۋايەت شەكلى» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان).
29. «قەدىمكى كلاسسىك ئۇسۇلنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1984 ـ يىللىق 25 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى).
30. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» («تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 5 ـ سان).
31. «ئۈرۈمچىنىڭ ھەھەرخىل يەر ناملىرى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984ھ ـ يىلى 23 ـ مارتتىكى سانى).
32. «ئەڭ قەدىمكى ئۈرۈمچى ۋە ئۆره قاڭقىللار» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1984 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سانى).
33. «ئېستېتىكا قانداق پەن؟» («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1984 ـ يىلى ئومومىي 8 ـ سان).
34. «يۈكسەك قەلبىنىڭ شېئىرىي ھەھەيكىلى» («كىتابلارغا باھا» ـ «شىنجاڭ كۈتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلى 3 ـ سان).
35. «تۇرپان ئۈزۈمى ۋە تۇرپان شارابى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندىكى سانى).
36. «ئەلشىر نەۋائىي» ۋە «سەددى ئىسكەندەر"» (<1> «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان. <2> «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 2 ـ نويابىردىكى سانى).
37.«پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق ۋە ئەبەدىي يادىكارلىق» ( «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تولۇق نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن) تارىم ژۇرنىلى1985 ـ يىللىق ـ 12سان.
38.«كۈسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»(1)«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 4 ـ سان).
39.«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئېپتىخارى»(«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق1 ـ سان).

www.uyghurkitap.com
40. «ۋىنتسىيلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى» («تىيانشان ئېكرانى» ژۇرلىنى 1985 ـ يىللىق 6 ـ سان).
41. «پاكىستان رەڭلىك ھەيكايە فىلىمى ـ <پاكلىق>» («شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى).
42. «قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى» ( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 ـ يىلى 12 ـ مايدىكى سانى).
43. «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قامۇسى ـ «قۇتادغۇبىلىك» (1) «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان؛ (2) «جەنۇبىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» ياپونچە 11 ـ سان.
44. «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تەسەۋۋۇر تېزىسلىرى» (1) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.
45. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى (1) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» خەنزۇچە 1986 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) «يىپەك يولى ساياھەتچىلىكى» ئىنگلىزچە 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.
46. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 11 ـ ماي خەنزۇچە سانى: (2) «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 17 ـ ماي ئۇيغۇرچە سانى).
47. «<قۇتادغۇبىلىك>نىڭ ئىلمىي قىممىتى» ( «قەشقەر گېزىتى» 1986 ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى).
48. «ئېمپېدوكىل بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت تادۇ قارىشىدىكى ئومۇملۇق ۋە ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان).
49. «خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 9 ـ ، 10 ـ ، 11 ـ فېۋرالدىكى سانلىرى).
50. «بىر شېئىر توغرىسىدا پاراڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇندىكى سانى).
51. «ئالۋاستى ۋە ئۇنىڭ يېڭى قىياپىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندىكى سانى).
52. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ھەققىدە» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان).
53. «يۇقىرى ماھارەت ۋە ئېسىل سەنئەت ـ <مۇقام> ماي بوياق رەسىمى ھەققىدە» ( «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىللىق 12 ـ ماي سانى).
54. «گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كومېدىك سىلىشتۇرمىسى« («تىيانشان ئېكرانى» 1986 ـ يىلى 6 ـ سان).
55. «مىرزا ھەيدەر ۋە <تارىخىي رەشىدى>» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
56. «ھەشەمەتخورلۇقنىڭ ئون چوڭ كاساپىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇندىكى سانى).
57. «جاباغان ئېلىگە ساياھەت» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1986 ـ يىلى 11 ـ ، 12 ـ ئايلاردىكى سانى).
58. «گۈللۈك دوپپا»( تارىم ۋە نەزىم )، «شىنجاڭ سەنئىتى گېزىتى» 1986 ـ يىلى.
59. «<ئون ئىككى مۇقام>نىڭ تارىخىي قاتلىمى ۋە ئىستىتىك ئالاھىدىلىكى» (1) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان ؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ سان.
60. «يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان).
61. «ئىجتىمائىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ سانلار).
62. «ئەلشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىللىق ـ 2 سان).
63. «ئۇيغۇر رەسساملىق سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى نامايەندە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 6 ـ سان).

64.«مۇھەممەد خارازمى ۋە «مۇھەببەتنامە» (1) «بۇلاق مەجمۇئەسى 1987 - يىلى ئومومىي 18 - سان؛ (2) «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى خەزۇچە 1990 - يىلى 2 - سان.
65. «ھاپىز شىرازى - شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئىسيانكار ئۇستاز» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 20 - سان).
66. «مەشرەپ - ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر» («بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 19 - سان).
67. «ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە» («<كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى> توغرىسىدا»): «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومومىي 18 - سان.
68. «بىر شېئىر ھەققىدە سۆز» («شىنجاڭ گېزىتى» 1987 -يىلى 24 - يانۋاردىكى سانى).
69. «ئىككى شېئىر ھەققىدە پاراڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1987 - يىلى 19 - سېنتەبىردىكى سانى ).
70. «<ئاقسۇ ئەدەبىياتى> دىكى شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىگە نەزەر» («ئاقسۇ ئەدەبىياتى» 1987 - يىللىق 3 - سان).
71. «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 10 - ، 11 - سانلىرى).
72. «<يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى> دېگەن كىتابقا باھا» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1988 - يىللىق 5 - سان).
73. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىنزملىق مەدەنىيەت» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىللىق -5 سان).
74. «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىللىق -2 سان).
75. «خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 -يىللىق 3 -سان).
76. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسسەۋى ۋە يەسسەۋىيچىلىك» («ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر» 1988 - يىللىق 1 -سان).
77. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى پىروگىراممىسى» (تۆت توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاپ ئۈچۈن تەييارلانغان)؛(1)«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى» 1987 -يىللىق 3 - ، 4 - ، 2 - سان)«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمى ژۇرنىلى» 1987 -يىللىق -4 ،6 -سانلار.
78. «ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى» («بۇلاق» مەمۇئەسى 1988 - يىللىق 1 - سان).
79. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر نىزامى گەنجىۋى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 - يىللىق 2 - سان).
80. «ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ناسىر خىسراۋ» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 - يىللىق 3 - سان).
81. «شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 - يىللىق 4 - سان).
82. «سەئىد شىرازى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1988 - يىللىق 4 - سان).
83. «زەلىلى شېئىرىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىللىق 1 - سان).
84. «كلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 3 - دېكابىردىكى سانى).
85. «ما زۇچاڭ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 16 - ئىيۇندىكى سانى).
86. «ھەمرائى غەزەللىرىنىڭ ھەققىقى مۇئەللىپى توغرىسىدا» («تارىم» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 5 - سان).
87. «ياش تامچىسىدىن ئۇرغۇغان شېئىرلار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 3 - سان).
88. «ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 12 - ئىيۇندىكى سانى).
89. «تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش - مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 2 - ئۆكتەبىردىكى سانى ).
90. «ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 28 - ئىيۇلدىكى سانى).

www.uyghurkitap.com
نۇرتۇغ كىتاب تورىبېكىتى

91. «ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 13 - نويابىردىكى سانى).
92. «ئۇ شېئىرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە» («شىنجاڭ گېزىتى» 1988 - يىلى 12 - مارتتىكى سانى).
93. «ئەسسالام قەشقەر، سالام ئانا ديار» («قەشقەر گېزىتى» 1988 - يىلى 9 - سېنتەبىردىكى سانى).
94. «<قۇتادغۇبىلىك> نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە» (1) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 1 - سان. (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق خەنزۇچە 4 - سان.
95. «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنگۇشتىرىنى قايتا تېپىۋېلىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 4 - سان).
96. «مەدەنىيەت سىنكرېتىك قاتلام نەزەرىيىسى ھەققىدە بايان» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 4 - سان).
97. «شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىر قانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە» («تارىم» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 1 - سان ).
98. «شەرقى تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق 4 - سان).
99. «مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش - سىنكرېتىك قاتلام قارىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 - يىللىق -1 سان).
100. «مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ئويلىنىشقا مۇھتاج» («يېڭى كۆزەتكۈچى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 7 - سان).
101. «ئېچىۋېتىلگەن ئالتاي ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» («جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1989 - يىللىق 1 - سان).
102. «مۇھىم بىر تارىخى تەجرىبە» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 8 - نويابىردىكى سانى ).
103. «ئاياللىق قەلبىنىڭ مىلودىيىسى» («تارىم» ژۇرنىلى).
104. «ھەشەمەتخورلۇق ۋە قۇرۇق شۆھرەت» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 25 - يانۋاردىكى سانى).
105. «ئۇيغۇر سوئىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 - يىلى 27 - ئاپرېلدىكى سانى).
106. «يۈەن سۇلالىدى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىدىن نەمۇنە» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1989 - يىلى 1 - ئايدىكى سانى).
107. «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 6 - سان).
108. «مىللەتنىڭ بىرلىك - ھەممەدەملىكى ۋە ئۇنىڭ يۇرتۋازلىققا يەملىكى» («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 5 - سان).
109. «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى» (1) («شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 4 - سان)؛ (2) («مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 4 - سان ).
110. «4 - ماي ھەرىكىتى ۋە لۇشۇن روھى» («تارىم» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 10 - سان).
111. «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قاتلىمى» (1) («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سان)؛
112. «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلاھىيەت قاراشلىرى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سان).
113. «ئاسىنا مەلىكە - غەربىي يۇرت سەنئىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 4 - سان).
114. «يىتىلگەن سەنئەت، سېھىرلىك ھېكمەت ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەت» («غازى ئەمەت ماي بوياق رەسسىملىرى» توپلىمىغا باھا ) : «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 4 - < 5 - سانلىرى

115. «ئىزگۇ پەزىلەتنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىپتىخارى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان ).

116. «ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان).

117. «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان).

118. «خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ـ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى» («تارىم» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 8 ـ سان).

119. «كۆكفۆزى ۋە قوجو مەدەنىيىتى» («ۋېنخۇيباۋ» خەنزۇچە 1990 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدىكى سانى).

120. «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1990 ـ يىللىق 27 ـ فېۋرالدىكى سانى).

121. «ئۇزۇم سەيلىسى ھارپىسىدا» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1990 ـ يىل 18 ـ ئاۋغۇست ؛ (2) خەنزۇچە 2 ـ سېنتەبىردىكى سانى).

122. «مىللىي ئۇسۇلنىڭ سىرى ۋە سېھرىي كۈچى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان).

123. «ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانىنىڭ يېڭى جىلۋىسى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان).

124. «شەرق سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەر ـ «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تولۇق رەتلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىللىق 15 ـ سېنتەبىردىكى سانى).

125. «ئىلھامبەخش ئىلھام قەترىلەر» («تۇرپان» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان).

126. «تەبرىك ۋە ئۈمىد» («تارىم» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 10 ـ سان).

127. «ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان).

128. «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان).

129. «مەدەنىيەت ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان).

130. «ئەزىز دىيار ، شانلىق ئىپتىخار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان).

131. «<قومۇل ئەدەبىياتى> ژۇرنىلىنىڭ 100 سانى» («قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان ).

132. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئالاھىدىلىكى» («قەشقەر گېزىتى» 1992 ـ يىللىق 14 ـ ئاۋغۇستتىكى سانى).

133. «سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان .

134. «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان).

135. «كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى» (1) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان ؛ (2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇنلى1993 ـ يىللىق 5 ـ سان).

136. «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان).

137. «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 5 ـ سان).

138. «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان).

139. «<قارا جاڭگال>نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان).

140. «كلاسسىك ئەدىبىياتتا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن مانى دىنى رەسساملىرىنىڭ بايقىلىشى»

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان).
141. «نەۋائىي مىسرالىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قىممىتى» (1) «شىنجاڭ گېزىتى» 1991 ـ يىللىق 5 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى ؛ (2) «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان.
142. «تىل قۇدرىتى ـ تىل پەزىلىتى بىلەن» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 4 ـ سان ).
143. «شەرق ئەدەبىياتىدىكى غايەت زور بايلىق <شاھنامە>» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان).
144. «ئون ئىككى مۇقامدىكى 24 مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان).
145. «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادى قىممىتى» («شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 27 ـ مارتتىكى سانى).
146. «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان).
147. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ۋە ئېقىملىرى» : ( بۇ ماقالە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.
148. «يىپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋە تۆگە قۇشى روھى» («مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان).
149. «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى"»ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان .
150. «مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى ۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 16 ـ فېۋرالدىكى سانى).
151. «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 19 ـ يانۋاردىكى سانى).
152. «لىرىك شېئىرىيەت ، مەپتۇنكار لەززەت» («تەرتاغ ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 3 ـ سان ).
153. «تۇپراقنىڭ مونولوگى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ سان).
154. «كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي قىممىتى» («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 23 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى).
155. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانلىرى).
156. «زەينۇلئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجى تەئرىپىدە» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان).
157. «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ـ ئۈچۈرلۈق تارىخ تەتقىقاتى ئۇسۇلى» (1) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ (2) «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى"»1996 ـ يىللىق 2 ـ سان.
158. «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۈچۈرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان).
159. «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان).
160. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە مەسىلە» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 6 ـ سان (خەنزۇچە).
161. «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1992 ـ يىللىق 17 ـ نويابىرردىكى سانى).
162. «غەربىي يۇرت مائارىپ تارىخىدىن بىر ئۈچۈر» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق ئاۋغۇستتىكى سانى).
163. «مىللى مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 ـ يىللىق 29 ـ ئىيۇلدىكى سانى).

164. «ئوقۇغۇچى توغرىسىدا» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانى).

165. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى جەمئىيەت مودېلى» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 - يىللىق 2 - سان).

166. «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھۇر ئالىم - ئۇلۇغبېك» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»1994 - يىللىق 27 - دېكابىردىكى سانى).

167. «مەنسۇر ھەللاجىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 3 - سان).

168. «يىپەك يولى تەتقىقاتىدىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىلىق 2 - سان).

169. «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 3 - سان).

170. «غەربىي دىيار تىياتىر سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 2 - سان).

171. «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى» (بېيجىڭ : جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى «ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق خەنزۇچە 5 - سان).

172. «ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل - فەرغانە» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 3 - سان).

173. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمدىن» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 3 - سان).

174. «يىپەك يولى ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات» («تارىم» ژۇرنىلى 1995 -يىللىق 6 - سان ).

175. «بالاساغۇنىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 - يىللىق 4 - سان.

176. «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 5 - ، 6 - قوشما سان).

177. «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 3 - سان).

178. «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1995 - يىلىق 4 - سان).

179. «مائارىپشۇناس ، مۇتەپەككۇر - سائىر خوجا نەزەر ھەۋۋەيدە» («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 2 - سان).

180. «<چىن> ۋە <ماچىن> ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى).

181. «ۋاقىت ھەققىدە يېزىلغان ياخشى شېئىر» («شىنجاڭ گېزىتى» 1990 - يىللىق 5 - مايدىكى سانى).

182. «ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 5 - سېنتەبىردىكى سانى).

183. «سۇكۇنات» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 29 - ئاۋغۇستتىكى سانى).

184. «تەبەسسۇم» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995 - يىللىق 1 - ئاۋغۇستتىكى سانى).

185. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986 - يىللىق تۇنجى سان ؛ 1987 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرى).

186. «تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1996 - يىللىق 12 - نويابىردىكى سانى).

187. «ئەنقا يۇرتىدىكى ئەنقا - پىشۋا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1996 - يىللىق 1 - سان).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

188. «كومىراخىۋا» (كىنو سىنارىيىسى) («شىنجاڭ مەدىنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان).
189. «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان).
190. «روھىيەت ۋە مەدەنىيەت» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 6 ـ سان ).
191. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىللىق 1 ـ سان).
192. «دولان ـ قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزداشلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان).
193. «بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 1 ـ سان).
194. «ئەنئەنىۋى ئاڭ گۆگۈمدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھەردىكى ئويغىنىش» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى ـ1 سان).
195. «ئارىفنامە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىلى 4 ـ ، 5 ـ قوشما سان ).
196. «ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك سىرى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىلى 3 ـ سان).

## ئالىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى:

1. «چوغلۇق قىز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىلى نەشر قىلغان .
2. «توققۇز نەزىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى.
3. «ئېستېتىكىدىن لېكسىيىلەر»1987 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى .
4. «شېكىسپىر سونىتلىرىدىن تاللانما».
5. «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» «تارىم» 1984 ـ يىلى 5 ـ سان.
6. «شاھنامە»(باشقىلار بىلەن) : شىنجاڭ خەلق نەشر ياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

## نەشر قىلىنمىغان كىتابلىرى

1. « ھەمراھى غەزەللەر»
2. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخى » (ئىلمىي ئەسەر، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
3. «ئانالىتىك پوئېتىكا» (ئىلمىي ئەسەر ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان ، تاماملانمىغان).
4. «يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى» (ئىلمىي ئەسەر ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
5. «غەزەلىيات» ( غەزەللەر توپلىمى ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
6. «باھارىيات» ( غەزەللەر توپلىمى ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
7. «شېرىن ۋە سېرىن» (شېئىرلار توپلىمى،ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
8. «ئاق توز» ( شېئىرلار توپلىمى ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
9. «شەبنەم ۋە ئۇچقۇن» (شېئىرلار توپلىمى ، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
10. «ئىزگۈلۈك مەلىكىسى» (ئايالى رەنا مەخسۇتقا بېغىشلاپ يازغان ئۈچ قىسىملىق ئەسلىمە، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان).
11. «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم» (ئۆزى ھەققىدىكى ئەسلىمە، ئورگىنال ھالەتتە ساقلانغان)

## ئېلان قىلىنمىغان باشقا ئەسەرلىرى:

1. «ھاياتىم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش» (ماقالە).
2. «سكتايلارنىڭ مېتال تاۋلاش ھۈنەر سەنئىتى» (ماقالە).
3. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋىي ھايات قاراشلىرىغا باھا» (ماقالە).
4. «تۈرك مەدەنىيىتى ھىندىستاندا» (ماقالە).
5. «كۈسەن مەلىكىسى» (كىنو سىنارىيىسى).
6. «مۇھەببەت يىغلايدۇ» (پوۋېست، تاماملانمىغان ).
7. «فارابى» (رومان، تاماملانمىغان).




# كۆرەش ئۆلدى، ئەمما كۆرەش ئۆلمەيدۇ

(كۆرەش سۇلتان كۆسەن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)

ھەر قېتىم ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ خۇشخۇي، كۈلگۈن چىرايى كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىدۇ، خۇددى ئۇ يېنىمىزدا تۇرغاندەك قۇلاقلىرىمىز كۈلكىلىرىگە جۆر بولىدۇ، مەڭزىمىزنى



سۆيۈپ ئۆتكەن شاماللاردىن تىنىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ غەمسىز بالىلىقى، ئۈمىد ۋە شىجائەتكە تولغان قىران ياشلىقى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە كېلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ياشلىقىغا جۆر بولسام، ئايالىم ئۇنىڭ بىغۇبار، غەمسىز بالىلىقى بىلەن سىردىشىدۇ. ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، كۆرەشكام بالىلارنىڭ چوڭى بولۇپ، سىڭىللىرىنىڭ ھامىيسى ئىكەن. ئۇلار خۇددى قالىغاچنىڭ بالىلىرىدەك بىر ئۇۋىدا چوڭ بولۇپتۇ.

مەن كۆرەشكام بىلەن تونۇشقاندا ئۇ ئاللىقاچان بالىلىق چۈشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ياشلىقىنىڭ قىرانلىقىدا كېتىۋاتقان، ئەقىل ۋە جاسارەتكە تولغان ياش چاغلىرى ئىكەنتۇق. ھاياتىنىڭ بۇ دەۋرلىرى تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، بۇدۇر چاچلىرى، باشقىلاردىن ئالاھىدە بولغان ئەقىل ـ ئىدرىكى 26 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنى قۇرداشلىرىنىڭ سەركىسىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ تونۇشقانچە تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە سەپەرداش بولدۇم، ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە شاھىد بولدۇم، تالاي يوللارنى بىرلىكتە مېڭىپ تاماملىدۇق. ئۇ ھاياتىنىڭ بارلىق تۇز ـ تەمىنى تېتىدى، ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىگە داخىل بولدى،

* ئاپتورنىڭ 2018 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئانامنىڭ ئەسلىملىرى» ناملىق ماقالىلار توپلىمىدىن ئېلىندى.


مۆتىۋەرلەر سورۇنلىرىدا ئىززەتكە ئېرىشتى، خەلقنىڭ چاۋاكلىرىدا ئالقىشلاندى، ئاخىر بېرىپ، ھاياتىنى خەلقنىڭ ئىشقىدا مېڭىپ تاماملىدى.

بەلكىم ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا سىرداش بولغانلار ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا مۆلدۈرلەپ ياتقان كىچىك بىر بوۋاق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەس. ئۇ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئائىلىسىگە چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تارىخ بېتىگە 1959-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى دەپ خاتىرلەپ قويغانىدى. بۇ ئۆرۈمچىنىڭ ياز كۈنلىرىنىڭ بىر سەھىرى ئىدى. بۇ چاغلاردا دادىسى سۇلتان مەھمۇت قوزىباي ۋە ئاپىسى تىللاخان سەيىد ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەيتتى. دادىسى سۇلتان مەھمۇت قوزىباينىڭ ئىنىسى مەھمۇت قوزىباي 1955-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلار 1960-يىلدىن باشلاپ نازارەت ئاستىدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن چەتئەلدە تۇققىنى بارلار تەشۋىقات ئورنىدا ئىشلىسە بولمايدۇ دېگەن سەۋەب بىلەن 1963-يىلى كۇچارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا كۈرەشكام 4 ياشتا ئىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ بالىلىقى كۇچاردا ئۆتىدۇ. 1966-يىلى دادىسى سۇلتان مەھمۇت قوزىباي نەزەربەنتكە ئېلىنىپ، ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە سېلىنىدۇ. كۈرەشكام شۇ يىلى ئۆزىنىڭ ئوقۇش ھاياتىنى باشلايدۇ، ئەمما ئۇ مەكتەپكە كىرىپ 3 يىلغىچە مەكتەپ ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ ۋە ھەر خىل خورلۇقلارغا دۇچ كېلىدۇ. 1969-يىلى دادىسى سۇلتان مەھمۇت رەسمى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. كۈرەشكام شۇ يىلى مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. 1970-يىلى ئۇ ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە غۇلجىنىڭ جېلىلىيۈزى ناھىيەسى چولىنقاي يېزىسىغا بېرىپ پاناھلىنىدۇ. 1974-يىلى غۇلجىدىن كۇچارغا قايتىپ كېلىدۇ. كۇچارغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆيدە سىڭىللىرىدىن دەرس ئۆگىنىدۇ. 1977-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدىن ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كۇچارغا ئادەم كېلىدۇ. كۈرەشكام ناخشا ئېيتىشتا بىرىنچى بولۇپ تاللانغان بولسىمۇ ئەمما سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشى پاك ئەمەس دېگەن سەۋەب بىلەن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. شۇ يىلى يەنە مەركىزىي مىللەتلەر تىياتىر ئۆمىكىگە تاللىنىدۇ، ئەمما يەنە شۇ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى سەۋەبى بىلەن قايتۇرۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەكتە قوشۇمچە ھەۋەسكارلار قاتارىدا ئىشلەيدۇ، ئەمما بىر قانچە ئايدىن كېيىن يەنە شۇ سىياسىي سەۋەب بىلەن ئۇ يەردىنمۇ قالدۇرۇلىدۇ. قايتا-قايتا كەلگەن بۇ ئەلەملەردىن كۆڭلى يېرىم بولغان كۈرەشكام ناخشا ئېيتىشنى توختىتىپ، دەرس ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن رەسساملىققا شاگىرتلىققا كىرىپ، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىدۇ. 1978-يىلدىن باشلاپ كۇچار تاشقى سودا قارمىقىدىكى گىلەم زاۋۇدىغا كىرىپ ئىشلەيدۇ.
1978-يىلى 9-ئايدا ئاقسۇ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇزىكا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇشقا كىرىدۇ.



1981-يىلى سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ ۋە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالىدۇ. 1985-يىلغىچە شۇ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ. 1985-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. 1986-يىلدىن باشلاپ تېلېۋىزورلاردا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. 1987-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى ياش سەنئەتكارلارنىڭ تېلېۋىزوردا ماھارەت

كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ، نام چىقىرىدۇ. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا تاللىنىدۇ، ئەمما كۇرەشكام سەنئەتنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتەپنىڭ مۇزىكا فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ.




1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتىدۇ. 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە قايتىپ بېرىشنى لايىق كۆرمەي، شەخسىي ئىش باشلايدۇ. بۇ جەرياندا «كۆز مونچاق»، «ھەسرەت»، «ئېچىنىش»، «ئەركەك سۇ» نامدا ئۈن ئالغۇ لېنتىسى چىقىرىدۇ.

# Mångkulturell korsbefruktning

**MUSIK**

**Uighurisk afton**
Kurash Sultan m fl
Rademachersmedjorna, Eskilstuna

Stora Fristadshuset i Rademacherreservatet kan tyckas vara en något märklig arena för mångkulturell korsbefruktning. Icke desto mindre var det just där en sådan ägde rum på söndagseftermiddagen. Med den uiguriska kulturen som fundament och den uighuriske världsartisten Kurash Sultan i händelsernas definitiva centrum.

Kursah Sultan är en kompositör, sångare och multiinstrumentalist som kommer från provinsen Uighuristan i nordvästra Kina, där hans frihetssånger är förbjudna att framföras och han själv är persona non grata. Efter att under flera år ha befunnit sig på flykt i Uzbekistan, Turkiet och Kirgisistan (där han satt nio månader i



**Kan det mesta** | Kompositör, sångare och multiinstrumentalist – men också en förbjuden artist i hemprovinsen Uighuristan i nordvästra Kina. Kursah Sultan har många strängar på sin lyra. FOTO: NIKLAS HOLM




1995 ـ يىلى10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1996 ـ قىرغىزىستانغا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئويغان تۈركىستان نامدا 4 قىسىملىق ئۈن ئالغۇ لېنتىسى ئىشلەيدۇ.

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىۋېتسىيەگە كېلىدۇ. ئۇ شىۋېتسىيەدە ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسىنىڭ قايناملىرىدا تاۋلانغان، سەنئەتنىڭ يېڭى بىر ئاسمىنىدا قۇشلاردەك پەرۋاز قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا ئىجاد قىلغان «ئاتلاندۇق» ناملىق ناخشىسى يورۇقلۇقتا تەلپۈنگەن خەلقىنىڭ مىسكىن روھىغا ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ئارىمىزدىن خۇددى يۇلتۇزدەك ۋاقىتسىز ساقىپ كەتتى. 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈننى ياشاپ، كەچكى قۇياش بىلەن تەڭ قارا يەرگە باش قويدى، بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 47 ياشقا كىرگەنىدى.

كۇرەشكام سەنئەتخۇمار ئىنسان ئىدى، ئەزىز خەلقىنى سۆيەتتى. خەلقى بىلەن ئوخشاش تۇپراقتا دەسسەپ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. يىراقتىكى ۋەتىنىگە تەلپۈنۈپ كۆز يېشى قىلاتتى. يۈرىكىدىكى ھەسرەتلىرىنى سازلىرىغا تۆكەتتى، پىغانى ئۆرلىگەن، قەلبى جاراھەتلەنگەن چاغلاردا دۇتارى بىلەن مۇڭدىشاتتى، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، سىغىنىشىغا مەلھەم ئىزدەيتتى.

كۇرەشكام شەخسىيەتسىز زات ئىدى. خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۇنىڭ ئىستىكى ئىدى.

كۇرەشكام سۆزىدىن يانماس، يولىدىن تايماس ئەر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرى، كۆزلىگەن مەنزىللىرىگە يېتىش ئۈچۈن

ھاياتىنى بەدەل قىلىشقىمۇ رازى ئىدى. ھەرقانداق بىر قارشىلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى تەسەددۇق ئەتتى.

ئۇ مۇھەببەتنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيەتتى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى چاڭقاشتىن قۇرىغان ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى پەقەت ئۆز غايىسىغىلا كۆمۈلگەنىدى. بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن شاتلانغاندۇ، بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن مۇڭلانغاندۇ، بەلكىم تالاي ئىنسانلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن گۈللەنگەندۇ.


ئەجداتلىرىمىز «ھايات تېپىشماق، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن ئىكەن، ئەمما ئۇ قۇياشتەك روشەن، كۆك ئاسماندەك ئۈچقۇق ياشىدى، پەقەت ئۆلۈمى تېپىشماقتەك سىر بولۇپ قالدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سىماسى ئەسلىمىمىزدىن خىرەلەشكەن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ يەنىلا تېپىشماق دۇنياسىدا كەزمەكتىمىز. ئۇنىڭ بىلەن غايىۋانە دىدارلىشىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ روھىغا ئاللاھتىن جەننەت تىلەيمەن.


2016 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ستوكھولم.


سەھنىدىن بىر كۆرۈنۈش



مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى زىيارىتى


«ھەسرەت» ناملىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى


سىڭلىسى مىنەۋەر بىلەن ئۈرۈمچىدە چۈشكەن خاتىرە سۈرەت

# شۋېتسىيە دۇنيا ئوركېستىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداش











ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# جەسۇر ئوغلان

## غېرىبى ۋەيران (تۈركىيە)

*ئاتاقلىق ئۇيغۇر كومپوزىتور، تالانتلىق ناخشىچى كۆرەش كۇسەن 47 يېشىدا شتۇتىسىيەدە 2006 ـ يىلى 29 ـ ئۆكتەبىر كەچ سائەت 8:30 دا يوشۇرۇن يۈرەك كېسەللىكى بىلەن تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.*
*(ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەبىرىدىن).*

كۆكرىكىڭ قالقان ئىدى دۈشمەنگە قارشى قەھرىمان،
ياڭرىغان ناخشاڭ بىلەن كەتتى نامىڭ ھەر تامان.

ئۆتكۈر قىلىچ ھەر بىر سۆزۈڭ ياۋ قەلبىگە سانجىلار،
سايرىغاندا دۇتارىڭ شوخ ، قان يىغلىدى ياۋۇز قاۋان.

روشەن ئىدى ماڭغان يولۇڭ قايتمىدىڭ،
ھاياتىڭ شانلىق ئىدى ئوتلۇق نىشانىنى تاللىغان.

ئەل بىلەن بىرگە بوپ مىللەت غېمىدا كۆل بولغاچ،
ۋەتەن ئۈچۈن جانىڭ پىدا ، چېھرىڭ بولماي سامان.

شۇنچە يىللار قوغلاشمىدىڭ شۆھرەتنى سەن،
ئاھ ئېزىز مىللەت دىدىڭ ،بولسۇن خەلق ئامان.

كۆللى ئالەم خەلقىگە ئاڭلاتتىڭغۇ داۋانى سەن،
ھەسەتخورنى مات قىلىپ غەلىبە قىلدىڭ شۇ ھامان.

ئۈمىتسىز شۇ دوستلىرىڭغا كۆرسەتكەنتىڭ توغرا يول،
كۆكلىتىپ قەلبىدە پارلاق كېلەچەك ھۆر زامان.

سۆيۈپ ھەجرىل ئەسۋەدنى ئىستىقلال دەپ يىغلىدىڭ،
ھەمىشە ھەر كۆڭۈلنى ئىچىلدۇرۇپ ناخشاڭ بىلەن.

ئەجنەبىگە ئۇيغۇرچە سازنى چالغۇزۇپ شاگىرت قىلىپ،
قالدۇرمىدىڭمۇ ئەي يىگىت جاھان ئەھلىنى سەن ھەيران.

شۇم خەۋەردىن بولدى پارە يۈرەكلەر، ئاقتى ياش،
غېرىبى ۋەيران ئىسسەپ دۇئادا ئەي جەسۇر ئوغلان.



# ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ

قازاقىستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆمۈر ـ داستان ‹ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ› » ناملىق كىتابقا ئاساسەن تەييارلاندى

دۇنيادا مىللەتنى تونۇتىدىغانلار يەنە شۇ شائىرلار!

شائىرلىرىنى ھۆرمەتلىمىگەن ۋە قەدىرلىمىگەن مىللەتلەرنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ. ئەمما، شېئىر يېزىش ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش. «شېئىر مىسرالىرىنى تىزىش ـ يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىش بىلەن باراۋەردۇر» دېگەن ئىكەن بىر دانىشمەن. شائىرلار ئىنسان ھاياتىنىڭ قامۇسىنى ياراتقۇچىلاردۇر. خەلقىمىزگە شېئىرخەزىنىلىرىنى سۇنۇپ كەلگەن شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ ئەنە شۇنداق شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

كۆزگەكۆرۈنگەن شائىر ئابدۇمېجىت شېرىپىدىن ئوغلى دۆلەتوۋ (سىرداش) قازاقىستان ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1949 ـ يىلىنىڭ 31 ـ مارت كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى چېلەك ناھىيەسى (ھازىرقى ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى) بايسېيىت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەل ـ فارابى نامىدىكى قازاق مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1970 ـ يىلى بىردىن بىر مىللىي گېزىتىمىز «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى») گېزىتى رېداكسىيەسىگە كوررېكتور بولۇپ ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن مۇخبىر، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتەيدۇ. تەلەپچان، ئۆز كەسپىگە مېھىر باغلىغان، مەتبۇئاتنىڭ سىر ـ سىرلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ 1984 ـ يىلى باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى خىزمىتىگە كۆتىرىلىدۇ. ئۇ بۇ خىزمەتنى 2008 ـ يىلغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدىن بولغان بەزى شېئىرلىرى ناھىيەلىك «ئەمگەك تۇغى»، كېيىنىرەك جۇمھۇرىيەتلىق «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتلىرىدا دايىم بېسىلىپ تۇردى.

«مەن ئابدۇمېجىتنى بالىلىق ۋاقتىدىن ئوبدان بىلىمەن، ـ دەپ ئەسلەيدۇ پېشقەدەم مەرىپەتچى، قازاقىستان ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى تۇرسۇن تۇردىيېۋ. 1961ـ1967 ـ يىللىرى ئى.تايىروۋ نامىدىكى مەكتەپتە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتلىرىمدا، «ئەقلىنى ياشتىن، بالىنى باشتىن» دېگەندەك ئۇنىڭ ھەم ئەقىللىق ھەم پاراسەتلىك بالا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم! ئابدۇمېجىتنىڭ شېئىرىيەت مەيدانىدا بەرھايات بولۇپ، شائىرانە قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈۋاتقىنىنى يۇقىرى سىنىپلارغا چىققىنىدا يەنىمۇ روشەن كۆرۈشكە باشلىدىم. مەن مالىۋاي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ يۈرگىنىمدە «ئىجادىيەت گۈلشىنىگە سەپەر» ناملىق سەرلەۋھە بىلەن «ئىجادىيەت» تام گېزىتىنىڭ تەشەببۇسكارى بولۇپ، بىر نەچچە شېئىر ھەۋەسكارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانىدىم. ئابدۇمېجىتنىڭ شېئىرى تۇنجى بولۇپ شۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ، كېيىنىرەك ناھىيەلىك «ئەمگەك تۇغى» گېزىتىدا ئارقا ـ ئارقىسىدىن بېسىلىشقا باشلىغان.

«مەن ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، بالىلىق چاغلىرىمىزدا ئىلىمگە بولغان تەلپۈنۈش بىزنى يېقىنلاشتۇرغانىدى. بىز بىرلىكتە مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرت سەنئەت ۋە دىراما گۇرۇپپىلىرىغا قاتنىشاتتۇق.

uyghurkitap.com

ئابدۇمېجىت مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، يەنە قەدىردان ئاغىنە، كۆيۈمچان قېرىنداش، ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى ئىدى.

ياش شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتتوۋنىڭ 1973 -يىلى نەشر قىلىنغان«مەن يىگىرمىدە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغاندا، - دەپ ئەسلەيدۇ، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىلاخۇن جەلىلوۋ. بۇ ھەقىقەتەن ھەممىمىزنى ھاياجانغا سالغانىدى. چۈنكى كىتاب نامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغانىدەك، يىگىرمە ياشتا شېئىر توپلىمى چىقىرىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

شائىرنىڭ «مەن يىگىرمىدە» ناملىق توپلىمى كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شائىرنىڭ كىتابلىرى ئارقىمۇ ئارقىدىن چىقىشقا باشلايدۇ. «باھار قايتىدۇ»، «ئادەملەرگە ئاشىقمەن»، «يوت ناۋالىرى»، «قاناتلىنىڭ ئويلار»، «ئاق تاڭلىرىم»، «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك»، «تويىنامە»، «ھەي، دۇنيا، دۇنيا»، «شوخ بۇلاقلار»، «ئاتامدىن ئاڭلىغان چۆچەك ۋە تەمسىللەر»، «بىر ئارمان بار»، «ياۋايى سۆيگۈ»، «مەن سۆيگەن ھايات»، «بەلدىڭدىكى سۆھبەت»، «روھلار سۆزلەيدۇ» شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

«ئابدۇمېجىتنىڭ شېئىرلىرىنى ھەر قاچان باشقا شائىرلار ئەسەرلىرىدىن ئوڭاي ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس شەكلى ، ھەر بىر شېئىرنىڭ ئۆزىگىلا خاس لوگىكىلىق يېشىمى بار. قازاقىستان خەلق يازغۇچىسى زىيا سەمەدى "مەن ئابدۇمېجىتنىڭ كېلەچىكىگە چوڭ ئۈمىد بىلەن قارايمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يېقىن ئارىدا ئۇ بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېگىلەيدۇ...». - دەپ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ئىكەن.

ئابدۇمېجىت دۆلەتتوۋنىڭ بەزى شېئىرلىرى مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قازاق، رۇس، ئۆزبەك، قىرغىز، تاتار، كورىيە، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. شېئىرلىرى، باللادىلىرى موسكۋادا چىقىدىغان «دروژبا نارودوۋ»، «ئىستوكى» ژۇرناللىرىدا، «لىتېراتۇرنايا گازېتادا» بېسىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئالمۇتىدىكى قازاق ۋە رۇس تىللىرىدا نەشر قىلىنىدىغان گېزىت-ژۇرناللاردا ئەسەرلىرى داۋاملىق چىقىپ تۇردى. ئۆز نۆۋىتىدە ئابدۇمېجىت دۆلەتتوۋ قازاق ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ئاباي، ئا.س.پۇشكىن، س.ئېسېنىن، م.ژۇمابائېۋ، م.ماقاتائېۋ، م ج. ۋېتائېۋا، ئا.ئاخماتوۋا، ف.ئوڭغارسىنوۋا، ئە.تەژىبائېۋ، ت. مولداغالىئېۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن كىتاپخانلارغا تونۇشتۇردى.

ئابدۇمېجىت دۆلەتتوۋ بۈگۈنكى كۈندە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق ناخشا تېكىستى يازغان بولۇپ، ئاتاقلىق كومپوزىتور قۇددۇس غوجامياروۋ، شاگىرتلىرى ئىكرام مەسىموۋ، ئىسمايىلجان ئىسائېۋ، ئادىلجان جانباقىئېۋلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا مۇزىكا يازدى. «دەرۋىشلەر» گورۇپپىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش نەتىجىسىدە «تويىنامە» ناخشىسى ۋۇجۇتقا كېلىپ ئاممىباپ ناخشىغا ئايلاندى. دىلناز ئەخمەدىيېۋا ئۈچۈن ئۈچۈن مەخسۇس تېكىست يېزىپ بەردى. ئۇيغۇر سەھنىسىنىڭ بۇلبۇللىرىدىن گۈلۇرا رازىيېۋا، نۇربۇۋى مەمەتوۋا، تولۇناي ئەيساروۋا، ساھىبەم مەشرەپوۋا، نۇرالىم ۋارىسوۋ، پەرھات داۋۇتوۋ، سەھەردىن يۇسۇپوۋ، «ياركەنت بۇلبۇللىرى» ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئورۇندىماقتا.

ئەسەرلىرىدە ئىنسانىيلىقنى، تەبىئەت گۈزەللىكىنى، يەر-ئادەم-ئالەم ئارىسىدىكى ئاجرالماس مۇناسىۋەتنى، پاك مۇھەببەتنى قىزغىن ئىلھام ۋە يۈرەك قېتىدىكى سۆزلىرى بىلەن كۆيلەشكە ماھىر ئاتاقلىق شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتتوۋ 1984 -يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ياش يازغۇچىلارنىڭ VIII كېڭىشىگە ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئا. دۆلەتتوۋ 1982 -يىلدىن بۇيان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ، ھازىرقى قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى مۇكاپاتى، تۈرك شېئىرىيىتى فېستىۋالىنىڭ نامزاتى بولغان.

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ھېلى مەرھۇم ماھمۇت ئابدۇراخمانوۋ، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، «قاچقاچ ئويۇنى»، «بەزى چاغلار»، «ئەسلەش»، «بىرىنچى مۇھەببىتىم»، «ئىنسان ھۆرمىتى»، «قىيىنلار پىچىرلايدۇ» قاتارلىق شېئىرلىرى ھەققىدە مۇنداق مىسرالار تىزىدۇ:

ھاياتلىقتا ئوي-ئارمىنى كۆپ ئادەمنىڭ،
قىزىغى يوق ئارمانسىز ئۆتكەن دەمنىڭ.
سېزىلىدۇ... يەر دەسسەپ يۈرگەندەكمەن،
تەشۋىشسىز يىغىۋېلىپ بار ئالەمنىڭ!

بۇ مىسرالار ئىنسانلىق ھاياتلىق ماھىيىتى توغرىسىدا مۇئەللىپنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى. توپلامدىكى ھەم ئىدىيىۋى، ھەم بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەل چىققان ئەسەرلەرنىڭ بىرى «ئەسلەش» شېئىرى. مۇھىمى، مۇئەللىپ ئوي-پىكرىنى، تۇيغۇلىرىنى ھەقىقىي سەمىمىيىتىنى ئىزھار قىلغان:

ئاتىلىرىم، كەتتىڭلار قايتماي،
ئەسكە ئالماي مەن قانداق چىداي.
ئەسلىگەندە سىلەرنى، تۆككەن
ئانىلارنىڭ كۆز يېشى بولاي.

ئا.دۆلەتوۋ ئۆز قەلبىنىڭ غەلۋۇرىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۇنى ھاياجانلاندۇرغان، تەۋرەتكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئەينە شۇنداق تەسىرلىك پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ، ـ دېگەن.

ئۇنىڭ «يۇت ناۋالىرى» توپلىمى ئاساسەن شېئىرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، توپلامدا ئانا يەر، تۇغۇلغان يۇرت ھەققىدە، ئۇنىڭ يۈرەككە يېقىملىق مەنزىرىلىرى، يۇتنىڭ قوينىدا ئۆتكەن يالاڭغىداق بالىلىق، شاتلىقى كۆپ، مۇڭى ئاز كۈنلەر تەسۋىرلىنىپ، ۋەتەن ھەققىدە، ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىق، پەرزەنتلىك مۇھەببەت، شۇنداقلا يۇرت ئالدىدىكى ئىنسانىي ۋەزىپە-قەرزدارلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

ئانا يۇرتسىز شائىر ئىلھامى قاناتسىز،
ھاياتى بىمەنە.
يۇتۇمغا ئاتلىناي مەن، توختاتمىغىن،
يۇت، بىلەن ئاخىرى قوش قاناتلىقىم.
ئۇنىڭ ھەر ئادەم، گىيا، توپىسىغا ،
چىگىلگەن ئاجرالماس بوپ ھاياتلىقىم.
توختاتما،
كېچىكمەستىن ئاتلىناي مەن،
ژۇتۇمنى كۆرۈپ، قايتا شاتلىناي مەن.
ئىلھامىم قاناتلانسا،
شېئىرىمدا
چېلەكنىڭ شامىلىغا ئايلىناي مەن.

«بىلىپ تۇرۇپ»، «بايقىماي ئۆتكەندە»، «قالسام كېيىن»، «ھەممىنى كەچۈرسەكمۇ»، «كۈز»، «بىز ۋە بالىلار»، «بىلمەك بولساڭ» ۋە باشقىلاردا مۇئەللىپنىڭ ياخشىلىق-يامانلىق، مەرتلىك-نامەرتلىك، بەلەنتلىك-پەسلىك ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەۋرىنىشلىرىنى، دوستلۇققا، ئالىي پەزىلەتلەرگە بولغان تەشنالىقى ئەكس ئېتىلگەن. مەسىلەن، «بايقىماي ئۆتكەندە» شېئىرىدا ھاياتنىڭ ئىگىز پەس داۋانلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ:

شۇنىسى بىلەن ھايات قىزىق، بەلكى،
كۆپ نەرسە بار ئۆمۈردە تەڭشەلمىگەن.
يۈرىمىز كۆرۈپ بىردىن يىقىلغاننى،
چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى يەڭسەم دېگەن.
مەنمەنلىكنى ئۆزىگە قانات قىلىپ،
لاچىن دەپ قۇشقاچ تۇتۇپ ئالغانلار بار.
ھەتتا!
ھەتتا تۈز يولدا يىتىپ قېلىپ
باشقىغا ئاچچىقلىپ قالغانلار بار.

«قاناتلىق ئويلار» ـ ئا.دۆلەتوۋنىڭ نۆۋەتتىكى كىتابى تېما-مەزمۇن جەھەتتىن ھەر خىل شېئىرلاردىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭدا مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىنسانلىق پەزىلەتلەر، ئانا يۇرت ھەققىدىكى شېئىرلار ئورۇن ئالغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئەسەردىن زامانىۋىي ھاياتنىڭ تەشۋىشلىرى، بۇ بېئارام دەۋرىمىزدە ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ھىس-تۇيغۇلىرى يارقىن سىزىلىدۇ، دېگەن بولار ئىدىم. ئادەملەر ئىچىدە پەگادا يۈردۇم، ئادەملەر ھەققىدە يۈكسەك ئوي سۈرۈپ، ـ دېگەن مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

ماڭا كېرەك ئەمەس ئۆتكۈنچى شاتلىق،
بىر دەملىك كۈلكىسىدىن ساقلىغىن، تەقدىر.
ماڭا كېرەك ئەمەس ساختا، گۆزەللىك،
قولغا يېنىك كەلگەن بەخت ھەم ئىغىر،

ـ دەپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي پىرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتىدۇ. ئۇ ھەقىقىي بەختنى، ھەقىقىي گۈزەللىكنى، يەنى ھاياتتىكى گارمونىيەنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شېئىرلىرىغا ئاساس قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا قەلبىگە چاقماقتا ئوخشاش بىر دەقىقىدە يېنىپ ئۆتىدىغان نەپىس سېزىملار، ئادەم ھاياتىدىكى مۇھىم ئامىللار بىلەن بىر قاتاردا چىگىش، قارىمۇ-قارشى ئەھۋاللارمۇ ئۆزىنىڭ يارقىن ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ـ دەپ، ئۆزىنىڭ تەنقىدىي كۆز-قاراشلىرى ئارقىلىق باھاسىنى بەرگەن ئىكەن شائىر ئۇستازى. ناھايىتى ئەپسۇس ،ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابخۇمار

قايناق ئىجاتنىڭ چوققىسىغا ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق ئىكەن. ئابدۇمېجىت ئۆزىگە شېئىرلىرى، نەسرىي ئەسەرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى ئارقىلىق ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ باقى دۇنياغا كەتتى. بۈگۈنكى ئەۋلاد ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، تەھلىل قىلىپ، ئىلمىي ماقالىلار يازغۇسى- دەپ ئەسلەيدۇ ئۆز ۋاقتىدا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە (هازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازىدا») بىللە ئىشلىگەن پېشقەدەم مەرپەتچى جەزىرە بۇرهانوۋا.

بىز شائىرلارنىڭ قانداق دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز - بۇ بۈيۈك سىردۇر، ئامما نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شائىرلار ۋە يازغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن،يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن دۆلەتلەر ئەدەبىياتىدا يېڭى ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىر نۇقتىلىق هالدا شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرىۋالالايمىز. شۈكلاشقا، مىڭ بىر ئەپسۇسكى، ئۇ هاياتىنىڭ، ئىجادىيىتىنىڭ نەۋقىران پەيتىدە دۇنيادىن كەتتى. لېكىن ئۇ بىز بىلەن خوشلاشسىمۇ، بىزگە باي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. بىز شۇ مىراس بىلەن تونۇشقاندا، شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا تونۇشى، ئۇنىڭ نېمىلەردىن تەشۋىشلىنىپ، نېمىلەرگە هاياجانلانغانلىقىنى، ئوي-پىكىرلىرى، مۇزاكىرىلىرىدىن ئۇسلۇبلار بىلەن ئېچىپ بېرىشنى هەم ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان ئەڭ ئىنچىكە سېزىملارنى هېس قىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. «مىللىيلىك» شېئىرىدا ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

مىللىيلىكىمىز نېمىدە؟
كۈن كۆرۈشتىمۇ،
ئاقچا چېچىشتىمۇ،
كۆرۈنگەن مېهماننى ئۆيگە باشلاپ،
ئىشىك ئېچىشتىمۇ؟

بىز شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ۋىجدانىنى ۋە ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى چۈشەنگەنلىكى، ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر سىرلىرىغا چۆككەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەيمىز. ئۇنىڭ «ئالدامچى هەۋەسلەر»، «بىلمەيسەن»، «بۈگۈنكى كۈن ھەقىقەتلىرى» ۋە نۇرغۇنلىغان باشقا شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈلىۋاتقان ئىللەتلەر سۆكۈلگەن. شائىرنىڭ كۆپ شېئىرلىرىدا بىز، ئۆزىمىزنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ تاپىمىز،- دەيدۇ «ئۇيغۇر ئۆيى» جەمئىيىتى فوندى پرېزىدېنتى مەھەممەتجان جانباقىئېۋ. ئۇنىڭغا مىسال «روھلار سۆزلەيدۇ» داستانى:

زامان،
يەنە ئۆزگىرىدۇ.
دېڭىزلار كۆچۈپ،
تاغلار تۈزلىنىدۇ.
بىر كۈنلەر كېلىپ،
باغرىغا شاتلىق سىلىپ،
بەرى بىر مېنىڭ ئەۋلادىم
ئازاتلىق ئالىدۇ،
ئېگىز كۆتۈرگەن
بايرىقى قولىدا.
مەڭگۈگە لەپىلدەپ قالىدۇ.

ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن يەنە بىرى بولسا - ئۇنىڭ ياش ئىجاتكارلارنى تەربىيەلەش ئىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات گۈلزارىدا تىنىماي ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان قەلەم ساهىبلىرى ئاۋۇت مەسىموۋ، پاتىگۈل مەخسەتوۋا، ئىمىنجان توختىياروۋ، تېلمان نۇراخۇنوۋ، گۈلبەهرەم خوشائېۋا، شائىرەم باراتوۋا، داۋۇت مۇسائېۋ ۋە باشقا ئەدىپلەرنىڭ ئابدۇمېجىتتىن تەلىم ئالغانلىق ھەممىمىزگە ئايان.

«تەڭرىتاغ» ئىجاتكارلار بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان شائىر ۋە يازغۇچىلار ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنى شۇ بىرلەشمىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىغان ئېدى. بۇ ئىجاتكارلار توپىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلاتى بولغان «قازاقستان - مېنىڭ ۋەتىنىم» ناملىق توپلام ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىرگە ئىگە بولدى. بىرلەشمە ئەزالىرى ئابدۇمېجىتنىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە كۆپلىگەن نەمۇنىلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەي ئابدۇمېجىت ئاغىنىمىز بېمەھەل بىزدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ قىلالمىغان ئىشلىرىنى شاگىرتلىرى سۆزسىز ئەمەلگە ئاشۇرغۇسى... - دەپ يازىدۇ يازغۇچى مەتىمىن روزىبائېۋ.

90 ـ يىللىرى مەن جۇمھۇرىيەتلىك «كازاخستانسكايا پراۋدا» گېزىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاستاناغا كەتتىم. ئابدۇمېجىت ئىككىمىز بۇ جەرياندا بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئالاقىمىزنى ئۈزمىدۇق. بىر كۈنى ئۇ ئاستاناغا زورۇر ئىش بىلەن كېلىپ قاپتۇ. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ ئاتاقلىق شائىرىنى «كازاخستانسكايا پراۋدا» گېزىتىنىڭ خادىمىغا تونۇشتۇردۇم. ئۇ ئىككىلەنمەيلا: «بىزدە مىللىي دوستلۇق سەرلەۋھىسى بار، تونۇشتۇرايلى»، دېدى. نەتىجىدە ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ ئىجادىيىتىنى رۇس گېزىتخانلىرىغا تونۇشتۇرغان ئالىم دامىر ھېزباقىئېۋنىڭ ماقالىسى گېزىتتا ئېلان قىلىندى. موشۇ سانىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلغاندا خادىملار: «بۇ شائىر ئېسىېنىنىغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن»، دېيىشتى. مەن: «ھە، بۇ «ئۇيغۇرنىڭ ئېسىېنىنى» دەپ پەخىرلەنگەن ئىدىم. مانا موشۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەتكە بۆلەنگەن، شېئىرىيەت مۇھىتىدا دولقۇنلاپ، ئۇرغۇپ تۇرغان شائىرنىڭ يۈرىكى چاپسانلا توختاپ قالغانلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. مەن ئاغىنەمنىڭ «روھلار سۆزلەيدۇ» ناملىق داستانىدىكى قۇرلار بىلەن يادنامەمنى تاماملىغۇم كېلىدۇ:

مەن ـ روھ!
مەن ـ مۇقەددەس روھ!!!
تىرىكلەر قەلبىنى ئۆلتەرمەيدىغان،
ئەۋلادقا مۇستەقىللىق تىلەيدىغان...

ئىلاھىم، سېنىڭ مۇقەددەس روھلىرىڭ، تىلەكلىرىڭ ئەۋلادىمىز دىلىغا قونسۇن، قەدىرلىك ئاغىنە، ـ دەپ ئەسلەيدۇ «كازاخستانسكايا پراۋدا» گېزىتىنىڭ سابىق خادىمى سادىق يۈسۈپوۋ.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ ۋاپاتى بىلەن چوڭقۇر جۇدالىقا ئۇچرىدى. ئارىمىزدىن ئەجايىپ تالانتلىق شائىر، قەلبى سېخى بىر ئىنسان كەتتى. ئەپسۇس، مىڭ بىر ئەپسۇس، ئەجەل چاڭگىلىدىن ئۇلارنى قۇتقۇزالماي، پەقەت نالە قىلىشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. يا بىز، ئۇيغۇرلار، شۇنداق شور پېشانىمۇ؟ ـ دەپ نالە قىلىدۇ فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى ھەدىيەم ئەخمەتوۋا.
«ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ دىلىدا ناۋائىي بىلەن ئېسىېنىنىڭ روھى مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ يىگىرمە يېشىدا دەسلەپكى «مەن يىگىرمىدە» توپلىمىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، ئىككى يۈزدەك ناخشا تېكىستى يازدى. ئابدۇمېجىت بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەخرى. يورۇق يۇلتۇزى» دېگەننى سەياسەتچىلەر، ئەدەبىياتچىلار، تەتقىقاتچىلار، ئالىملىرىمىز ئەمگەكلىرىدىن ئوقۇغان. قېرىنداش قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ژۇرنالىستلىرى: «ئەبىكېڭ زامانىۋىي ئۇيغۇر مەتبۇئاتىنىڭ پىرى. ئەبىكېڭ قايسى تىلدا يازمىسۇن، تەرجىمە قىلمىسۇن، ئۆز ئىشىنى يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنلايدىغان، مەسئۇلىيەتچان، تەجرىبىلىك ژۇرنالىست» دېگەنلىرىنى كۆپىنىڭ ئاغزىدىن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. ئاڭلىغىنىمدا، ئاكامدىن پەخىرلەنتىم، خۇددى مېنى ماختاۋاتقاندەك خوشال بولاتتىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى ۋاقىت ئۆتۈپ رىۋايەتكە ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ «روھلار سۆزلەيدۇ» شېئىرىدا ئېيتقاندەك:

مەن بارمەن، مەن مىللىتىمگە يارمەن،
ئۇ ھېچ قاچان ئۆلمەيدۇ!
ئۆز مىللىتىدىن يەردە تۇرۇپ كەچكەنلەر
تىرىك ئۆلگەنلەر.
تىرىك مۇردا بولۇپ يۈرگەنلەر!...
ئەۋلاد موشۇنى بىلسە بولاتتى،
شۇ چاغدىلا
كېلەچەك ئاڭا كۈلەتتى!
مەن ئۆلمەيدىغان،
ھېچ كىمگە سېتىلمايدىغان،
مۇقەددەس روھ!
نۇرپەرەس روھ!!!
...كىشەنلەر قولدىن،
دىلدىن ئېلىنغاندا! ـ
تىرىكلەرلا ئەمەس
بىز ـ روھلار يۈرىكى يېرىلىپ كەتسە...
مەيلىدى.
خۇشاللىق يىغىمىز
ئەرش ـ ئەلاغا يەتسە،
مەيلىدى!
بىزنى ئادەمگە كۆرسىتىدىغان
بىزنىڭ بايلىقىمىز.
بىزنى ئالەمگە كۆرسىتىدىغان،
بىزنىڭ ـ بايرىقىمىز!

دەپ، خەلقىمىزنىڭ كېلەچەك پارلاق ھاياتىنى كۈيلەپ كەتكەن شائىر ـ ئۇستازىمىزنىڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«دانالار يۈرەر بەلكىم قېشىمىزدا،
قول ـ قانات بولۇپ تۇرمۇشىمىزدا.
شۇنداق ئىكەن،
قەدىرلەپ، بىز ئۇلارنى،
تاج قىلىپ كۆتىرەيلى بېشىمىزدا»


،ـ دەپ بىزگە نەسىھەت قىلىپ يازغىنىڭدەك، شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرمەسلىككە، باشلىغان ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا بار كۈچىمىزنى سالىمىز. خەلق سۆيگەن شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋ ئىجادىيەتنىڭ قايناق پەسلىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ شېئىرلىرى بىلەن قەلبىمىزدە ھەيكەل تىكلىدى. شۇ ھەيكەلنى دات باسقۇزماسلىق بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىساق، نۇر ئۈستىگە نۇر بولار ئىدى...

## باھار قايتىدۇ

*قايغۇرمىغىن باھار ئۆتتى دەپ،*
*كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلمىسۇن ياش.*
*قايتار يەنە گۈلباھار ياشناپ*
*ئاخىر باركەن يەر بىلەن قۇياش.*

*قاراپ سولغان گۈلگە بىر نەپەس،*
*قايغۇرمىغىن ياش تۆكمە بىكار.*
*ئۆتكەن كۈنلەر قايتمايدۇ بۇ راست،*
*ئەمما، جېنىم، قايتىدۇ باھار!*











شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ ئائىلە خاتىرىسى

# تەگرتاغ پاجىئەسى



تارىخىي داستان*

ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق (قازاقىستان)

تۆرتلىكلەر

تەمەگەر ئەمەسمەن پاشالىقىم شۇ،
مىڭ شۈكرى قۇرساقىنىڭ قۇلى ئەمەسمەن.
قول قىسقا بولسىمۇ تىلىم ئۇزۇندۇر،
ئۆزۈمدىن ئۆزگىنىڭ قۇلى ئەمەسمەن.

* * *

بىلىمەن، بىراۋغا مەن يۈك بولمايمەن،
بىلىمەن، جاھانغا تۇۋرۇك بولمايمەن.
بىلمەيمەن، ئەتىكى كۈنۈم نە بولار،
بىلىمەن يامانغا كۆۋرۈك بولمايمەن.

هەر كىشى ئۆزىدە يوقنى ئىزدەيدۇ،
ۋىجدانسىز ئار ھەقتە تولا سۆزلەيدۇ.
—— "ۋەتەن!" دەپ كۆكسىنى كەرگەن بەزىلەر،
ۋەتەندىن يا مەنسەپ، ئابروي كۆزلەيدۇ.

* * *

هاردۇقىڭ ۋەتەندە يۈرگەندە چىقار،
دوست بىلەن سەپ تۈزۈپ كۈلگەندە چىقار.
كۆيۈكى بېسىلماس تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ،
دەردىنى سورىساڭ ئۆلگەندە چىقار.

## ئۆرۈم چاچ

ياقۇت ئەمەس، سېنىڭ لەۋلىرىڭ،
ياقۇت دېگەن ئەسلى سوغۇق تاش.
ئەسىر قىلىپ مېنى باغلىغان
لېۋىڭ ئەمەس، ئىككى ئۆرۈم چاچ.

ئۈزۈڭنى ئاي يادقا سالىدۇ،
سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭنى چولپان.
قاراشلىرىڭ جاننى ئالىدۇ،
ئىشقىڭ يېنىپ تۇرغان بىر گۈلخان.
مەن سۆيگۈگە قالىمەن سادىق،
قۇلۇڭ بولاي بولساڭ ماڭا خان...

## سۆيگۈ

گۈپپىدە ئوت تۇتىشار بۇ تېنىمگە،
بويۇڭنى يىراقتىنلا كۆرگىنىمدە.
يۈرىكىم تېپچەكلەيدۇ تىنىم تاپماي،
—— بەلكى ئۇ كۆيدۈرگىنىڭ كۆيگىنىمدە.

سابادىن سالام يوللاپ سارغىيىمەن،
بىر قىيا باقماق شۇنچە هار كېلەمدۇ.
بىلمىدىم سۆيدۈرۈشنى بىلگەن بىلەن،
قىز قەلبى يا سۆيگۈگە تار كېلەمدۇ.
سۆيگۈدىن ياشار ئادەم،
ياشنار ئالەم، ... كۆيمىسە، كۆي

---

* ئاپتورنىڭ ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تەگرتاغ پاجىئەسى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىشق

يەنە كۆرۈپ قالدىم مەن سېنى،
سۇۋادانلىق سالقىن كوچاڭدا.
مەپتۇن قىلغان بىر چاغلار مېنى
ئەتلەس كۆينەك باردى ئۇچاڭدا.

چارەك ئەسىر بولدى شۇنىڭغا،
نە سەۋدالار چۈشمىدى باشقا.
بۇ ئىشقنىڭ قۇدرىتىنى كۆر،
قارىماسكەن ھەتتاكى ياشقا.
شۇڭا دانا خەلقىم دەيدىكەن:
«ھەۋەس باشقا ۋە ئىشق باشقا».

## يۈرىكىم

دەردىمنى كۆپ تارتتىڭ، يۈرىكىم،
تارتتىڭ يېرىم ئەسىردىن ئۇزاق.
قانداق قىلاي، يوققۇ يۆلىكىم،
يوللىرىمدا تۇرسا كۆپ تۇزاق.

بۇنچە دۈپۈلدەپ سوقما، يۈرىكىم،
ئۆتۈپ كەتمەس ئۆمرۈم موشۇنداق
بىر كۈنى توي، بىر كۈنى ھازا،
يارىلىشتىن بۇ ھايات شۇنداق
خۇش قىلارمەن كۈتكەن كۈن كەلسە،
يېرىلمىساڭ بولاتتى شۇ چاغ.

## ئامەت

ئاينىڭمۇ ئاقىرىپ پېتىش باردۇر،
ئاپتاپنىڭ قىزىرىپ ئېتىشى باردۇر.
بۇ ئالەم دېگىننىڭ شاتلىق يە غەمدۇر،
ئامەتنىڭ بىر كېلىپ-كېتىشى باردۇر.

بەش كۈنلۈك ئالەم دەپ ئۈمىد ئۈزمىگىن،
بىزگىمۇ بەختنىڭ چېتىشى باردۇر.
ئانچىلا ئۇزاقتا سوزۇلماس بۇ تۈن،
سۈبھىنىڭ سۈزۈلۈپ ئېتىشى باردۇر.
تارىختا ھېچ كىمدىم كەم ئەمەس خەخ بىز،
ئاھىمىز ئاللاھقا يېتىشى باردۇر.

## ئانا يەر

ھەر ئاخشىمى يۇلتۇز كۆز قىسىپ،
مېنى يانغا چىللاپ قىينايدۇ.
بولمىسىمۇ سوغ باغرى نېسىپ،
مەيلىم بارمۇ، يوقمۇ سىنايدۇ.

يۇلتۇز بىلەن نېمە كارىم بار،
كىندىك قېنىم تامغان يەر تۇرسا.
بىر گېپىم بار ئېيتاي مەن ساڭا،
ئانا يەرنىڭ تېشى زەر تۇرسا،
نېمىسىنى ئارزۇ قىلىمەن،
يەر ئالدىدا بېنەزەر تۇرسا.

## ئۆمۈرنىڭ زاۋالى

بۇ دۇنياغا قانداق تۇغۇلسا،
شۇنداق كېتەر ئادەم ئۆمۈردىن.
سەندە مېھىر-شەپقەت بولمىسا،
پەرقىڭ بارمۇ تاشتىن، تۆمۈردىن.

تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە تاكى،
كىشى غەمدىن بولمايدۇ خالى
ئۆزىنى كۈتۈپ يۈرۈشتىن كۆرە،
دۇنيا قوغلاپ قالمايدۇ ھالى،
ئۇنىڭسىزمۇ قىسقا ئۆمۈرنىڭ
بۇ ئالەمدە كۆپىقۇ زاۋالى...

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم - ئانامنىڭ تىلى،
ئۆلگىنىم شۇ قالسام ئايرىلىپ،
ئۇ سىڭگەنغۇ مېنىڭ قېنىمغا،
ئانام سۈتى بىلەن تارىلىپ.

ئانا تىلىم، يوقاتسام سېنى،
ئۆز جېنىمغا بولىمەن زامىن.
ھەممىدىنمۇ ئايرىساڭ، تەڭرى،
ئايرىمىغىن تىلىمدىن، ئامىن!
بار بايلىقىم- شۇ ئانا تىلىم،
باشقا بايلىقىم بارى ناتايىن.

# گۈلنىڭ كۈز پەسلى

(ئۈمىدۋار جۈدالىق)
سەرۋى (ئامېرىكا)

تۇزار شۇ گۈل، تۆكەر ياپراق، ستەمكاردۇر خازان پەسلى،
قايان كەتتى كېپىنەكلەر، تەلەپ ئەتمەس نىگار ۋەسلى.

سادا يوقتۇر باغى گۈلشەن ئارا بۇلبۇل ناۋاسىدىن،
نىشان ئىستەر گۈلى ھەرچاغ چۈشىدە يار سىماسىدىن.

تۈگەل توزۇپ غېرىپ بەرگى، ئۇچار سەرسان شاماللاردا،
يۈرەر بۇلبۇل يىراقلاردا، كۆيەر شۇ گۈل پىراقلاردا.

بىلەر شۇ گۈل پورەك بەرقى، يېشىل تونلۇق گۈزەل بەستى،
خازان بولدى، گۇمان يوقتۇر پەلەك سالدى جاپا قەستى.

ئېسىدە گۈل تولۇق ئەينى،ئاخىرقى شۇ ۋىدا پەيتى،
جۇدا قىينار لىكىن ھەر چاغ مۇھەببەتلىك كۆڭۈل تەكتى:

سوغۇق كەچكۈز ئەجەل يايدى، زامانكى ئايرىلىش پەيتى،
تۆكۈپ ياشنى شىرىن سۆزلۈك سۇخەندان يار نىدا ئەتتى.

دىدى شۇ گۈل : «قاچۇر جاننى، ئەزىزىم بۇلبۇلۇم يارىم!
ئەجەل كۈتمەس ئاقىل بۇندا، ۋىدالاش ئەي ۋاپادارىم!»

دىدى بۇلبۇل: « گۈلۈم ،رەڭگىڭ كەبى يۈرەك قىزىل قاندۇر،
مەگەر تاشلاپ سېنى كەتسەم ۋاپا - ئەھدەمكى يالغاندۇر!

بەخت - قۇتتۇر، كىمەركى يار قېشىدا جان ئېتەر تەسلىم،
خازان تەنىڭ ئارامىگە نىسار ئۇلسۇن ئېتەكلەرى.»

دىدى گۈلى: « خاراپ تەنىم، نىگارنى خاھلىماس قەلبىم،
بىراق كۆكلەم ئارا قايتا دىدارلاشماق مېنىڭ ئەھدىم.

مەگەر جانىڭ چىقار بولسا سوغۇق گۈلشەن ئارا يارىم،
تامامى جان قۇلاقىدا ئىرۇر فەرياد، ئاھۇ - زارىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى بۇلبۇل: «ئىتائەتتە ۋىدالاشماق قارار بولسۇن،
يېشىل كۆكلەمگىچە قەلبىم جۇدالىق زارىغا تولسۇن!

كېتەرمەن گۈلئۇزار يارىم، جۇدالىق زارىدا يىغلاپ،
رەھىمسىز سوغ - جۇدۇنلارغا سېنى يالغۇز ئاڭا تاشلاپ.

سەبر - تاقەتكە يار بولغىن، زەئىپ تەننىڭ ئامان بولسۇن.
غېرىپ ھەم ناتىۋان قەلبىڭ مۇھەببەتكە ماكان بولسۇن.

ساڭا ئىشقۇ - مۇھەببىتىم تامام ئىقلىم ئارا داستان ،
جېنىڭغا جان ئۇلار مېھرىم جۇدۇنلاردا گۈلۈم جانان.

ئۆتەرسەن ئىزغىرىن جۇتتىن چىدام - بەرداش بىلەن يارىم،
شاخىڭغا خۇش نەۋا ئەيلەپ قونارمەن بىل ۋاپادارىم.»

يۈرەك تامان نەقىش ئەيلەپ ئويۇپ قويدى ئۈمىد يارى،
شۇڭا مەغرۇر تۇرار شۇ گۈل ئۈزۈلسىمۇ يۈرەك تارى.

خازان تۈننى كىيىپ قالدى گۈلى مەشۇق جۇدۇنلاردا،
نىگار ئۇچتى يىراقلارغا، يۈرەك بوزلار پىغانلاردا.

«ئىگەر بولدى شامال قەددىم ، قۇرار قاخشال بولۇپ بەستىم،
نىگار كەتتى ئۆزۈم قالدىم، پىشانەمدە خازان پەسلىم.

ھايات بولسام كېلەر بۇلبۇل، قوشارمىز باش ھامان بىر كۈن،»
دېدى شۇ گۈل ئۈمىد بىرلە خازان گۈلشەن ئارا تۇرگۈن.

*ئاتا پەندىنى بەكمۇ چىڭ تۇت، كۈنۈڭ قۇتلۇق بولغاي ۋە كۆڭلىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتكەي. ئاتا - ئاناڭنى خۇش قىلىپ، (ئۇلارغا) خىزمەت قىل، بۇ خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە تۈمەنمىڭ پايدا كەلگەي.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى



# يوق!

## ئابدۇرەھىم پاراچ (تۈركىيە)

ئىلاھا سەنلا رەببىمسەن سېنىڭدىن يات پاناھىم يوق ،
ئەگەر سەن ئىلتىپات قىلساڭ پىچەك دۇنياغا ئاھىم يوق .

پاراچ ئاتلىق غېرىپ بەندەڭ ساڭا ئۆز ھالىنى ئېيتار ،
ۋەتەنسىزلىكتە قىينالدىم غېرىچ تۇپراق قارارىم يوق .

بۈگۈن يات ئەلدە مەھبۇسمەن كىشى سورمايدۇ ھالىمنى ،
بىرەر يوقلايدىغان ھەتتا مېنى ئەسلەشكە يايرىم يوق .

زېمىستان ئەزدى باغرىمنى مېھىر سۆيگۈمدە گۈل تۇتسام ،
گۈلۈم سۇلماقتا ئاز قالدى كېلەر بولغان باھارىم يوق .

رەقىپكە مىخ بولۇپ پاتتىم ۋەتەن ئىمان ئۈچۈن زىنھار ،
بۈگۈن ئەپسۇسكى ھېچيەردە بېشىم پاتقان دىيارىم يوق .

دىيىلدىم نەگىلا بارسام تۈرك، تايلاند ،مالايسىيا ،
«تىرورچى بۇ پەقەت بىلسەك، بۇنىڭدەك باشقا زالىم يوق .

دىيىلدىم يۈزمۇيۈز ھەتتا : «سېنىڭ ئاڭسىزلىقىڭ مەلۇم ،
نادان ئاڭقاۋلا مىللەتسەن ئىچىڭدە بىرمۇ ئالىم يوق .»

كۆزى كور بولدى دۇنيانىڭ ۋەتەنسىز مەن كەبىلەرگە ،
ئادالەت بىرلە بىر مەررە ئېچىپ كۆزنى باقارىم يوق .

دىمەك رەببىم خىيانەتلىك قېرىنداشتىن ئۈمىدسىزمەن ،
پەقەت سەن بىرلا رەھمەتسەڭ پۈتۈن تۆھمەتكە ۋايىم يوق .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



# تۈركلەرگە مۇراجىئەت

## ۋىليام مولۇت ( قازاقىستان)

زوراۋانلار ناھەقتىنلا كەسسە باش،
جۇدالىقتىن دەريا بولۇپ ئاقسا ياش.
قانداقلارچە باغرىم دەيمەن، بولمىساڭ
مەن كۆتۈرگەن تاۋۇتلارغا يەلكىداش؟

ئۆتمۈشلەردە بىر قازاندىن يېگەن ئاش،
بىر ئانىدىن تارالغان بىز قېرىنداش.
قانداقلارچە تۇققان دەيمەن، ئېيتقىنە،
ئازارىمغا بولالمىساڭ ھازىدار؟

جورا، باۋىر، بىرتۇققان ھەم دوست، گەرداش،
ئانا بۆرە تاراتقان ئەل، ئېمىلداش.

كەلگۈسۈمگە قانداق جاۋاپ بېرىمەن،
دەرتلىرىمگە بولالمىساڭ سەن دەرتداش؟

تومۇر تارتىپ، كۆكلەۋاتقان تال ئوخشاش،
تەقدىرىمىز ئەسلى بىزنىڭ بىر تۇتاش.
يىلتىزلىرى قۇرۇپ كەتسە يامانغۇ،
يىغىمىزنى يىغلاپ قويغىن، قېرىنداش!

تىلىمىز بىر، قېنىمىز بىر، بىز دىنداش،
تارىخلارنى بىللە يازغان تەقدىرداش.
ئاڭلا تۈركىي! بىرلىك بولسا تەڭ چۈشەر،
ئوغۇزخاننى تۆرەلدۈرگەن نۇر-قۇياش!

# سەرسانلىق يېشى

## ئۇيغۇرۇللاھ

قېنى ئۇ سەھرانىڭ سېغىز تۇپرىقى؟
قېنى ئۇ يۇرتۇمنىڭ تونۇش پۇرىقى؟
قېنى ئۇ گۈگۈمدا قۇشلار سايرىشى؟
ئەجەبمۇ قىينىدى ۋەتەن سورىقى.

ۋادەرىخ! جانانىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ،
ۋىسالغا يېتىشكە بېلىمنى باغلاپ
ناتونۇش يوللارغا قۇل بولۇپ ئۆتتۈم
ھەر دوقمۇش بەختكە ئىقبالنى پايلاپ.

قەلبىمدە كۈندۈزى بىر غېرىب خىيال،
غەربكە پاتسا كۈن ھېچ تاپماس زاۋال.

كېچىچە ئەللەيلەپ چىقىپ تەنھالىق،
تاڭ سەھەر يوقلايدۇ بولمايلا ھايال.

يىغلىدى يۈرىكىم، يىغلىدى شېئىر.
چاناقلار ھۆللىنىپ ئېچىشتى يېغىر.
مەڭزىمدە قان ئاقتى يۈرىكىم زېدە،
كۆزۈمدىن چىققىنى ياش ئەمەس ھېچبىر.

2005 - يىلى 11 - ئاي، سۈرىيە-دەمەشق



# يۈزلىشىش

## فاتىمە سەيياھ (ئاۋستىرالىيە)

ئازاب بىلەن سەمىرىمەكچى بولغان ئازابقا
يىغىنى چىللايدىغان يىغىغا
ئۆلىسىمۇ تۈگەپ كەتمەيدىغان تىرىك يارىغا
قارىنىڭ ئۈستىگە سۈركەلگەن قارىغا
مۇز ئۈستىگە مۇز قوشۇلىدىغان تۈيغۇغا
ۋە
ئوتقا چېچىلىشنى سۆيىدىغان ياغقا
شۇنداقلا
ئېچىشقان يەردىن ئايرىلمايدىغان تۇزغا
شۇنى ئېيتىڭلار:

سىلەرنى قارشى ئالىمىز
دېۋىدەك كۆرۈنۈپ بىزنى قورقۇتۇشقا خۇش كەلدىڭلار
ئويغىنىۋاتقان زەھەرلەرگە مەرھابا

ئاندىن
مېڭەڭلارنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن غىپپىدە چىقىپ
قەلبىڭلارنىڭ تېخى ئۆچمىگەن يېرىدىن بىر نەچچە تال چوغ ئېلىپ
لىغىرلاپ تۇرغان قارا مېھمان بىلەن يۈزلىشىڭلاردە
ئۇ ئۆزىنىڭ كۆيۈۋاتقان نۇرىدىن
دەل ھازىرنى تېپىۋالسۇن

*ئاتا بالىنى كىچىكىدىنلا بوش قويۇۋەتكەن بولسا، ئوغۇلدا*
*گۇناھ يوق، ئەيىب ئاتىدا.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە غالتەك ۋەقەسى

(ھېكايە)

ئابلىمىت غوجابدۇللا قاراقاش



تۇرانىياز باشلىقنىڭ بىلى ئېغىر چىم بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دوختۇر ئۇنىڭ كارۋاتتىن چۈشۈشىنى چەكلىدى، بىر ئولتۇرۇشتا بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ كۆنۈپ كەتكەن كالىدەك ئىشتەيلىك بۇ بىر نېمە تىمساقنىڭكىدەك دانە-دانە تاكان چىشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن گېلىدىن قالمىغان ئىدى. ئۇ كارۋاتتا يېتىپمۇ چىشى يوق موماي گۆلا شۇمگەندەك بار-يوقنى توختىماي ماكىلدىتىپ چايناپ كۆندە زەمبىلدە بىرنى چىقىرىپ ياتتى، ياتاقنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ چىدىغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان ئىككى سوقۇر ئۈچەي بىمار ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن ۋاز كېچىپ ئۆلسەكمۇ ئاسمىنى ئۈچۈق يەردە ئۆلەيلى دەپ بۇرنىنى توتقىنىچە دوختۇرخانىدىن قاچتى.

ئۇنىڭ چىقىرىندىسىغا قاچا تۇتۇپ كۆتىگە قەغەز توشىتالمىغان بىچارە ئاتا-ئانىسى دەرھال پىلان تۈزۈپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئوقۇپ تۈگەتتى. شۇنداق قىلىپ ئايىشىخاننىڭ سېستىرا سىڭلىسى تۇنجى توي ئاخشىمىنى ئۇنىڭ تەكتىنى قۇرۇقداش ۋە پوقىنى تۆكۈش بىلەن يورۇتتى.

دوختۇرلارنىڭ كارامىتى بىلەن تۇرانىياز ئوبدانلا ساقىيىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن تاماق يېسە توخۇدەك چىچىپ يەيدىغان، بىر مىنۇتتا ئون قېتىم تۈمشۈقىنى سۇنۇپ يىگىرمە قېتىم پوتلىسىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرانىيازنىڭ كىشىلەرگە دائىم قاپاق تۈرۈپ تورىدىغان مۇز چىرايى بۇ قېتىمقى داۋالاشتىن كېيىن بىر ئىشتىن ئاچچىقلانسىمۇ، خاپا بولسىمۇ «تاللىقتا ئېسىپ قويۇلغان كالىلىدەك» ھىجىيىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ساقايدى...

«بىر قايغۇدا بىر خۇشاللىق» دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ نۇقسانلىرى ئۇنىڭغا ئېيتقۇسىز ئامەت ئېلىپ كەلدى، بىر قېتىم يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئالاھىدە رەھبەرلەر خىزمەت تەكشۈرۈپ كېلىپ تۇرانىياز باشلىقنىڭ ساقچىخانا ھويلىسىدا ئامىمىغا گەپ قىلىۋاتقاندىكى ھالىتىنى يەنى دەمدە بىر تۈمشۈقىنى سۇنۇپ پوتلىسىنى تارتقىنىچە ئۇلارغا باشتىن –ئاخىرى كۈلۈپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈپ «قاراڭلار بىزنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى بۇ قەھرىمان كادىرىمىزغا، ئۇ خىزمەت ئۈستىدە ھېرىپ-تەرلەپ بۇرنىنى سۈرتكۈدەك ھالى قالمىسىمۇ يەنىلا خەلققە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى، بىز ھەممىمىز بۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك!» دەپ داۋراڭ سالدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ كاتتا زاتنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تۇرانىياز باشلىق دەرھال«خەلقنىڭ غەمگۈزار چاكىرى –تۇرانىياز»غا ئايلىنىپ پۈتۈن گېزىت-ژورنال، تاراتقۇلارنىڭ باش بېتىنى ئىگەللىدى ھەم ئوزۇنغا قالماي قوشنا بىر ناھىيىگە ناھايىتى چوڭ ئەمەلدار بولۇپ ئۆسۈپ كەتتى.

ھاجىم ئائىلىسىدىكىلەرمۇ كىيىۋغلىغا كەلگەن بۇ ئامەتنىڭ خوشلۇقىدا پاتمىخان بىلەن بولىدىغان توي ئىشىمىزنى ئالدىنقى ئايغا يىكىتتى.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك تويغا ئاز قالغاندا كەنتىمىزدە كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىپ چوڭ-كىچىك ھەممىمىزنى يوق بىر بالاغا تىقتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاسارىتى بولسا كېرەك مەكتەپ، كان-كارخانا تاملىرىنىڭ يۈزلىرىدە ئىشقىلىپ بوش-بىكارلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل دەبدەبىلىك شۇئارلار يېزىغلىق تۇراتتى. ھەتتا مەن ئەقلىمگە كەلسەم كەنت كومىتېتىنىڭ چوڭ يېغىن

---

* بۇ ئەسەر دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ « www. wetinim. com» ناملىق توربېتىدىن ئېلىندى.

مەيداندىكى قىشتا سىلىنغان چوڭ خالاجايىنىڭ سىرتقى تام يۈزىدىمۇ قىزىل سىر بىلەن سىزىلغان شۇ بىر باش سۈرەت بىلەن چوڭ خەتلىك بىر شۇئار بار ئىدى.

بىر كۈنى قايسىدۇ بىر مەلئۇن بۇ ئۇلۇغ شۇئارنىڭ خېتىنى شاخ بىلەن جىجىلاپ قۇيۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەنتىمىزدە بوران چىقىپ ئالەم –مالەم بولدى، ساقچى-ساقچى قايناپ كەتتى، يېزىدىن كەلگەن رەھبەرلەر بۇ ئىشنى دەرھال سىياسىيغا كۆتۈرۈپ «سەككىزىنچى ئىيۇل شۇئار جىجىلاش –بۇزۇش ۋەقەسى» دەپ نام قويدى، بىز ئىيۇل-پىيۇل دېگەن گەپنى چۈشەنمەيتتۇق، پەقەت بۇ چوڭ خەتنى يەتتىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى بىرە ئۇششاق بالىنىڭ ئۇقماي جىجىلاپ قويغانلىقىدىن گۇمان قىلاتتۇق. مۇشۇ زور ۋەقە سەۋەبلىك مىنى قەيەردە كۆرسە، خىقىراپ يۈزۈمگە تۆكۈرۈپ يۈرۈيدىغان كونا قېيىنئاتام بىر كۈندىلا جازالىنىپ ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ئىچىمدە بۇ ئوغرىنىڭ مۇلىلاق ئاتقانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال بولدۇم، لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان كەنت مۇدىرى دېگەن ئەبلەخ خىزمەت قىلمىسا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كەنتىدىكى بارلىق ياشلارنى يىغىپ خالاجاينىڭ تېمىنى نۆۋەت بىلەن خەۋەر ئېلىپ قوغدىغىلى سالدى. ھەر كۈنى تۆت ئادەم كېچە-كۈندۈز بۇ تامنى خەۋەر ئالاتتۇق، بۇ ئىشنى قىلغان بەد نىيەت تېخىچە تېپىلمايۋاتاتتى.

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك نەچچە كۈن ئۆتمەي كەنت كومىتېتىنىڭ قوروسىدىكى دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ئېگىز خادىنىڭ بايراق سىمىنى يەنە بىر نائەھلى ئوغرىلىۋالدى.

ھەر نېمە بولسا بۇ قېتىمقى ئىش يۇقىرىغا دوكلات قىلىنمىدى، ناۋادا دوكلات قىلىنغان بولسا بۇ ئىش يەنە «ئون بەشىنچى ئىيۇل سىم ئوغۇرلاش-بۇلاش -تالاش ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىپ يېزا باشلىقى بىلەن كەنتىمىزنىڭ بۇ يېڭى «سېكرېتارى» ئاللىقاچان ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

بار خاپىلىق يەنە شۇ بىز بىچارىلەرگە بولدى، نۆۋەتچىلىك قىلىپ قوغدايدىغان جاي بىردىن ئىككىگە كۆپىيىپ ئادەم سەككىزگە ئاۋۇدى. بىز بىر گۇرۇپپا تۆت ئادەم بار كۈچىمىز بىلەن بايراق خادىسىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ-قوپۇپ خادىنى قوغدىدۇق يەنە شۇنداقتىمۇ بۇ نىيىتى يامان ئوغرى بىر ئاخشىمى بىزنىڭ ئۇخلاپ قالغان پۇرسىتىمىزدىن پايدىلىنىپ بايراقنىڭ يىپىنى يۆگەيدىغان چىيۇن غالتەكنى ئوغرىلىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ «چىيۇن غالتەك ۋەقەسى» دىن كېيىن كەنت رەھبەرلىكى بىر كۈن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بايراق خادىسىنىڭ تۈۋىگە توپاقتەك سېرىق ئىتتىن بىرنى باغلاپ قويىدىغان بولدى، بىز شۇ ئىت بىلەن بىرگە خادىنى قوغداپ يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق...

ئىتنىڭ پەيلى يامان ئىدى، بەزىدە بىزگىمۇ يۈز قىلماي داپىشىنىپ قوياتتى، ئىت بولار مۇشۇنداق بولار، ئاخشاملىرى خادا تۈۋىگە قويۇلغان كارۋاتتىن چۈشۈشكە ھېچقايسىمىز پېتىنالمايتتۇق، چۈنكى كارۋاتنىڭ ئاستىدىكى سېكرېتارنىڭ قول-چومىقى بولغان بۇ سېرىق ئىت كۆزىنى ئۈزمەي بىزنى باشقۇراتتى. سىيگۈمىز كەلسە تۆتەيلەن ھەممىمىز بىر بولۇپ ماڭاتتۇق، تەڭ كېچىسى باشقىلارنى ئويغىتالمىسام كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ يىراقلارغا قويۇپ بىرىشتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى، نېمە بالاغا قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ھېلىغۇ ئىتكەن، ئىتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسامۇ تېنىم جۇغۇلداپ يۈرىكىم قېپىدىن چىكىتىدىغان ئادەم ئىدىم...

ئىت ھېلى چېقىپ بىرە يېرىمنى كاپ قىلىپ ئالارمىكىن دېگەندەك قورقۇنچتا تۈزۈكمۇ سىيەلمەيتتىم ھەر قېتىم يېرىمنى سىرتقا يېرىمىنى ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە چىقارغانچىلىك قىلىپ ھۆل زاكىدا قالغان بوۋاقتەك تاڭ ئاتقىچە يۇلتۇز ساناپ غىمسىلاپ چىقاتتىم، ئىشقىلىپ توختى پوكان بولغانغا گېلىمغىچە تويدۇم...

كەنتىمىزدە بۇنداق سىياسىيغا ياتىدىغان زور ۋەقەلەر ئارقىمۇ-ئارقا يۈز بەرگەندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن كەنت تەۋەلىكىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىمىز كەنت كومىتېتىغا يىغىلىپ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەجبۇرىي «سىياسىي ئۆگىنىش» قىلىش ئارقىلىق ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىدىغان بولدۇق. كۈندە بولىدىغان بۇ ئۆگىنىشتە سېكرېتار توختىماي گېزىت-ماتېرىيال ئوقۇيتتى بىز زەن سېلىپ ئاڭلاپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ھەزىم قىلاتتۇق، ئاندىن «مۇزاكىرە باسقۇچى» دا ھەممىمىز بىرمۇ-بىر پىكىر بايان قىلىپ بۇ ۋەقەنى ئەيىپلەپ –تىللاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىرادىمىزنى بىلدۈرۈشەتتۇق...

بۈگۈنمۇ دائىمقىدەك سېكرېتار ماتېرىيال ئوقۇشنى تۈگىتىپ مۇزاكىرە باسقۇچىغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتاتتى، مەن كۆڭلۈمدە« ھاي سېكرېتار يا ئىتىڭنى يوقات، يا مەن خالىجاينىڭ تېمىنى بېقىپ شۇ يەردە ياتاي، يا بولمىسا مىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىۋەت!»دېگەننى ئويلاپ ئېغىزىمنى ئاچاي دەپ تۇراتتىم، شۇ چاغدا سىرتتىن سايىت چولاق دېگەن پەسەندى «ۋاي سېكرېتار!...ۋاي سېكرېتار!» دېگىنىچە چىرايىدا قان يوق يۈگۈرۈپ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى، بىز ھەممىمىز بىرە يەرگە ئوت كەتكەن ياكى كەنتىمىزنى سەل باستۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن توختاپ ئۇنىڭغا كۆزىمىزنى تىكتۇق.

– نېمە بولدى ھاي چولاق؟- دەپ ۋارقىرىدى سېكرېتار جىددىيلەشكىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

– نېمە....نېمە بولاتتى، سېكرېتار...جىنايەتچى تېپىلدى!- دېدى سايىت چولاق ھاسىرىغىنىچە.

– قايسى جىنايەتچى؟

– بايراقنىڭ غا...غا...غالتىكىنى ئوغرىلىغان!

سېكرېتار بۇ جاۋابتىن شۇنداق خۇشال بولدى:

– ھە...كىمكەن؟

– ئەنە ...مەن باشلاپ باراي!

يىغىندىكى ھەممەيلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ غەزەپ بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا ئېتىلدۇق، بىز چوڭ-كىچىك بولۇپ ئاز دېگەندە ئۈچ-تۆت يۈز ئادەم ئىدۇق، مۇشۇ ئوغرى سەۋەبلىك نەچچە ھەپتىدىن بېرى بىزنىڭ يېمىگەن پوقىمىز كىرمىگەن تۆشۈكىمىز قالمىغان ئىدى، ھەممىمىز يەڭلىرىمىزنى شىمايلاپ ئىستىھكامغا ئېتىلغان جەڭچىلەردەك ئۇ ئوغرىدىن ئۆچىمىزنى ئالغىلى يۈگۈردۇق...ھەتتا مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى ئاخۇنى چۈشۈپ كەتكەن سەللىسىگىمۇ قارىماستىن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھاسىراپ قۇيۇندەك چاپماقتا ئىدى...

دېگەندەك چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەھەللىدىكى ساۋۇت

ساراڭ قولىدا ھېلىقى چويۈندىن ياسالغان غالتەكنى ئوينىلاپ بەخىرامان تۇراتتى، ئۇ نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپكە «ھۇررا» تووۋلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى، كەينىدە باشقا بىرسى يوق ئىدى. ئەتىدىن –كەچكىچە «ھو....ھو...» دەپ كۈلۈپلا يۈرۈيدىغان بۇ كۈلگۈنچەك ساراڭ كۆڭلىدە «بۇ تېگى پەسلىگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ بۇلارنى چوقۇم كەنتتىكى ھېلىقى سېرىق ئىت ئالدىغا سېلىۋالدى، بولمىسا بۇ ساراڭ-لەقۋالار بۇنچىلىك قېچىشىپ يۈرمەستى!» دېگەننى ئويلاپ ھجىيىشتىن توختىدى ئاندىن چىرايىنى تۈرگىنىچە ئىككى لىۋىنى چىشلەپ ئالدى-كەينىگە قارىماستىن بەدەر كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى...

خۇدايىم بۇ ساراڭنىڭ پۇتىغا كۈچنىمۇ تازا بىرىپتىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆز ئالدىمىزدىن پىلدىرىغۇچتەك پىرقىراپ يىراقلاپ كەتمەسمۇ؟

– قاچە-قاچ، تۇتە-تۇت....

ساراڭ بىزگە تۇتۇق بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە چوڭ ئۆستەڭدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختاپ ئالدىغا ئىگىشىپ تۇرۇپ ھاسىرىغىنىچە دېمىنى ئېلىشقا باشلىدى...

بىزمۇ كەينىدىن تۈشمۇ-تۈش باستۇرۇپ كېلىپ قەدىمىمىزنى كۆۋرۈكنىڭ لېۋىدە توختىتىپ تىزلىرىمىزنى تۇتۇشقىنىمىزچە چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدۇق، ساۋۇت ساراڭ ئېگىشكەن يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە ئالىيىپ قارىدى، بىزمۇ ھەممىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدۇق، ئۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىزگە تىل سالدى:

– ئاناڭنىڭ تويى بولاشتىما ھەرقايسىڭغا؟

بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيران قالدۇق، چۈنكى بۇ ساراڭ ئۆمرىدە بىرسىنى تىللاپ باقمىغانىدى.

– ھەي ساراڭ! – دېدى سېكرېتار ھارغىنلىقتا دېمىنى ئالالماي،– ئاۋۇ قولۇڭدىكى غالتەكنى نەدىن تاپتىڭ؟

ساراڭ قولىدىكى چويۈن غالتەككە لاپپىدە قاراپ ئۇنى دەرھال كەينىگە تىقىۋالدى-دە تووۋلاپ جاۋاب بەردى:

– ئاچاڭنىڭ ئېرىما مەن؟ بوش تووۋلا ماڭا!،–دەپ خىرقىرىدى ساراڭ.

– غالتەكنى نەدىن ئالدىڭ دەيمەن؟

– ئاناڭنى ئالغان يەردىن!

ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەممەيلەن پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇسال بولغان سېكرېتار تەلەتىنى بۇزدى:

– ھاي ساۋۇت ساراڭ ، ئاۋۇ قولۇڭدىكى غالتەكنى نەدىن تاپتىڭ دەيمەن؟

– سىنىڭ ئاناڭنى غالتەك ئالمىغان بولغىيتتى، ھەي غالتەك جىنى چاپلىشىۋالغان ساراڭ!،– دەپ ۋارقىرىدى ساۋۇت ساراڭ غەزەپ بىلەن، – نىمانداق كەچكۈچە غالتەك-غالتەك دەۋېرىسەن، غالتەكتىن بۆلەك گېپىڭ يوقما سېنىڭ؟

ساراڭ بىگىز بارمىقىنى سېكرېتارغا چىنەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، بىچارە سېكرېتار خۇددى ئاتىسىدىن تەنبىھ يېگەن بەش ياشلىق بالىدەك يۇۋاشلاپ قالدى، بىز بۇلارنىڭ ھالىتىگە قاراپ قايسىسىنىڭ ساراڭ قايسىسىنىڭ سېكرېتار ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

بۇ چاغدا يېڭىدىن سايلانغان كەنت مۇدىرى سېكرېتارغا ياخشىچاق بولۇپ گەپكە ئارىلاشتى:

– ھاي ساۋۇتاخۇن، ئاۋۇ قولۇڭلىدىكى غالتەكنى بىزگە بېرىۋېتىپ ئاندىن گەپ قىلىڭلار ئۇكام!

– تۈفىي!،– ساراڭ ئاچچىق بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈردى،- قاچاندىن بېرى مەن سېنىڭ ئۇكاڭ بولۇپ قالدىم، سەندەك نەسلى پەس، دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان مۇناپىققا ئۇكا بولىدىغان ساۋۇت تېخى دۇنياغا تۇغۇلمىدى!

ھەممەيلەن كەنت مۇدىرىنىڭ راستىنلا ئۆز دادىسىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتۇق، شۇڭا بىز يەر تىگىدىن كۆز بېقىشىپ كۈلۈشۈشكە باشلىدۇق.

بۇ ساراڭنىڭ ئېغىزىدىن ھەر بالا كېلەتتى، يەنە ئۆزىنىڭ بىرە ئەيىبىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىنى ئويلىغان كەنت مۇدىرى بىر ئاز شۈك بولۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئاخۇنۇم سالاغا چۈشتى:

– جېنىم ساۋۇتاخۇن، قولۇڭلاردىكى ئاۋۇ نەرسىنى بىزگە بېرىۋېتىڭلار، بىز نەچچە كۈن بولدى، شۇ غالتەكنىڭ خاپىلىقىدا يا ئۇيقۇ ئۇيقۇ بولمىدى، يا يېگەن تاماق تاماق بولمىدى...

ساۋۇت ساراڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى:

– بوپتۇ سەن گەپ قىلىپ سالدىڭ، بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن بىر شەرتىم بار!

– دېگىنە يۈز شەرتىڭ بولسىمۇ،- دېدى سېكرېتار جىلە بولۇپ،- بىر ئاڭلاي باقلى!

– ھەرقايسىڭ دادامنى پومىشچىك دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتۈڭ، ئانامنى پومېشچىكنىڭ خوتۇنى دەپ ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈشتۈڭ، بىر تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى پومېشچىكنىڭ بالىلىرى دەپ يىراق-يىراقلارغا پالاشتىڭ، ئۇلارمۇ سەرسانچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگىدى، قېنى ئېيتە، ئۆز ۋاقتىدىكى بىزنىڭ قوي-كالىلىرىمىزنى نەگە ئاپارغان، ئۆيىمىزدىكى گىلەم-كىگىزلەرنى نەگە تىقىشتىڭ؟ماۋۇ كۆۋرۈكنى كىمنىڭ سالغانلىقىنىمۇ بىلىشىدىغانسەن؟ نېمىشقا بۇ كۆۋرۈكنى بوزۇشمايسەن؟ بۈپتۇ ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلگەن بولسۇن، دەيدىغان شەرتىم شۇكى مال-مۈلكۈمنى قايتۇرۇپ بەر، بولمىسا بۇ غالتەكنى ئۆستەڭگە تاشلىۋەتكىنىم تاشلىۋەتكەن!

ئۆز ۋاقتىدا بۇ كۆۋرۈك بىلەن كەنتتىكى كونا مەكتەپنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سالغانلىقىنىمۇ ھەممىمىز بىلەتتۇق، لېكىن بىز بۇ ساراڭنىڭ بۇ ئىشلارنى بۇنداق تەپسىلى بىلىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدۇق، بىز ئاغزىمىزنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالدۇق.

سېكرېتار غەزەپتىن يېرىلدى:

– ۋۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان قېرى ساراڭ! ئەكىلە غالتەكنى!

سېكرېتار شۇنداق دېگىنىچە ئالدىغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

ساۋۇت ساراڭ بۇنى كۆرۈپ قولىدىكى غالتەكنى بىر بارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ تېز ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە سۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

– ۋۇ خام كاللا بەڭگى! ئالدىڭغا مېڭىپلا قالساڭ بۇنى تاشلايمەن!

سېكرېتار كۆزلىرىنى پىلدىرلاتقىنىچە ئورنىدا قاققان

قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، مەن ئاخىرى بولالماي سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلاپ سالدىم:

– جېنىم ساۋۇت ئاكا، ماڭا بىر ئىچىڭ ئاغرىسۇن!،- دېدىم ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە،– ماڭا نەچچە كۈن بولدى، شۇ خالىجايدا تام قوغدايمەن دەپ پوق بۇراپ ياتقىلى، ئەمدى قۇيۇپ بۇ غالتەكنى دەپ كۆڭلىكى بايراق خادىسى ئاستىدا ئەشۇ ئىت بىلەن بىرگە ياتىمەن....ئىپتىقنا ئاكا ماڭا نىمە كۈن بۇ، مەن تۈزۈك بىر سىيىپ باقمىغىلى نەچچە كۈن بولسا، سەنمۇ كۆردۈڭ ئۇ ئىتمۇ ياكى توپاقمۇ؟ جاھاندا بونداقمۇ چوڭ ئىت بۇلامدۇ؟ مەن سەندىن خوش بولاي ئاكا، ئۇنداق قىلماي غالتەكنى بەرگىن...

ساۋۇت ساراڭ مىنىڭ يىغامنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئاچچىقلاندى:

– ئاناڭ بولغان ساراڭ جادى، دادامنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ بىرسى، تولا ۋالاقلىماي كۆزۈمدىن يوقال!

بىز نىمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي، ئاغزىمىزنى ھاڭ ئېچىپ ساراڭغا قاراپ قالدۇق، ھازىر بۇ ساراڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ خوجىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك ئەلپازىدىن بۇ يېقىنلاردا غالتەكنى بىزگە بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدا ساراڭ سەت كۈلۈپ ئېغىز ئاچتى:

– ھەرقايسىڭغا بۇ غالتەك بەك مۇھىمما؟

– مۇھىم!

نەچچە يۈز ئادەم تەڭلا ۋارقىراپ جاۋاب بەردۇق.

ساراڭ ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

– ھەرقايسىڭنىڭ ئەقلىنىڭ پوقتا چۆكۈشۈپ قالغانلىقىنىغۇ ئوبدان بىلەتتىم، غالتەككە ئېرىشىمەن دېيىشىدىكەنسەن، ئويۇن ئوينايمىز! ئاڭلاشتىڭما؟

«ئاھ خۇدا! بۇ جاھان نىمە بولۇپ كەتتى، بىر ئەرزىمەس غالتەك ئۈچۈن بۇ ساراڭ بىلەن ئويۇن ئويناپ يۈرەرمىزمۇ ئەمدى...»

ھەممىمىز تەڭلا جاۋاب بەردۇق:

– ئاڭلىدۇق!

– ھەممىڭ ئورنىڭدا ئولتۇرۇش!،– كوماندا بەردى ساراڭ ئۆزىنى كاتتا بىرسى چاغلاپ.

بۇ بۇيرۇقتىن بەزەنلىرىمىز ئولتۇردۇق، بەزەنلىرىمىز پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرمىدۇق، لېكىن ساۋۇت ساراڭ كىنونى تولا كۆرۈپ گېنراللىق سەۋىيەگە يەتكەندەك قىلاتتى، ئۇ بوش كەلمىدى:

– ۋۇ نەسلى پەس، سولامچى خوتۇننىڭ بالىلىرى، مىنى نىمە كۆرۈپ قىلىشتىڭ، ھەرقايسىڭغا غالتەككە لازىممۇ ياكى كەنتتىكى ئۆگىنىشمۇ؟

– غالتەك لازىم!

بىز ئۆلگۈدەك ۋارقىراشتۇق، چۈنكى ساۋۇت ساراڭ غالتەكنى سۇغا تاشلاي دەپ تۇرىۋاتاتتى، ئاڭغىچە سېكرىتار بىزگە نەسىھەت قىلدى:

– جېنىم جامائەت، مۇشۇ قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاڭلار، بىز بىر ئامال قىلىپ غالتەكنى قولغا ئېلىپ يۇقىرىغا جاۋاب قايتۇرايلى، بولمىسا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەنتىمىزگە بىر يىللىق خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىدىكەن!

«خىزمەت گۇرۇپپىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كۆزلىرىمىز يوغىناپ كەتتى، ناۋادا ئۇلار كەنتىمىزگە كېلىدىغان بولسا كۈندە قىلىدىغان يېرىم كۈنلۈك ئۆگىنىش پۈتۈن كۈنگە ئۆزگىرەتتى، يەنە تېخى.....

– سېكرېتار داداڭلار توغرا دەيدۇ،-دېدى ساۋۇت ساراڭ كالىلىسىنى لىڭشىتىپ تورۇپ ھاكاۋۇرلارچە،- توخۇ-كەپتەر، ئۆردەك-غازلىرىڭدىن ئايرىلىشماي دېيىشسەڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش! مەن ھازىردىن باشلاپ پادىشاھمەن، بىلىشتىڭما؟

– بىلىشتۇق!

– بىلىشكەن بولساڭ ئېيتىشە مەن كىم؟

– پادىشاھ!

– زوۋانىڭغا بىر نىمە تورۇپ قىلىشمىغاندىكىن ئۈچ قېتىمدىن ئۈنلۈك جاۋاب بېرىش، مەن كىم؟

– پادىشاھ! پادىشاھ! پادىشاھ!

بىز قاتتىق ۋارقىراپ جاۋاب بەردۇق، گۆركىرەپ چىققان ئاۋازىمىزدىن مەيدان ئاسمىنى تىترەپ كەتتى.

يېڭى «پادىشاھ» بىزنىڭ يۇۋاشلىق بىلەن بەرگەن جاۋابىمىزدىن رازى بولۇپ ئۇسۇپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن كالتا ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويدى-دە يەنە بۇيرۇق قىلدى:

– ھەممىڭ ئورنىڭدا ئولتۇرۇش!

ھەممەيلەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن دەرھال ئولتۇردۇق.

–جاللات!

بىز بۇ ساراڭنىڭ كىمنى جاللات دەپ چاقىرغانلىقىنى بىلەلمەي سوئال نەزەرىدە بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق، بۇ چاغدا سېكرېتار ماڭا قاراپ كۆز ئىشارىتى قىلدى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ خالاجاي باقىدىغان تۆتى بىلەن خادا باقىدىغان ئۈچىنى تارتىپ چىقىرىپ تۇۋلىدىم:

– لەببەي شاھىم!

– ئاۋۇ پوق ساقالنى تۇت!

بىز ئۇنىڭ كىمنى دىگەنلىكىنى بىلەلمەي ساۋۇت ساراڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدۇق.

– يېنىڭدىكى ئاۋۇ گەدەنكەشنى!

ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى يېنىمىزدىكى ئىمام ئاخۇنۇم ئىدى. بىز ئۇنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق. بۇنى كۆرگەن ساۋۇت ساراڭ غالتەكنى ئېگىز كۆتۈردى:

– غالتەكنى تاشلىدىم ئەمسە!

بۇنى كۆرگەن سېكرېتارنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە ئاخۇنۇمغا ۋارقىرىدى:

– چىقىسلا ئاخۇنۇم ئالدىلىرىغا قاراپ تۇرماي!

ئاخۇنۇم سېكرېتارغا سادىق ئىدى، ئۇنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى مۇشۇ سېكرېتار ئېلىپ بەرمىگەن بولسا بۇ ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ كالتە بىلىمى بىلەن ھەرگىزمۇ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلالمايتتى ھەم يۇرتنىڭ چوڭلىرى قاتارىغا كىرەلمەيتتى، شۇڭا ئاخۇنۇم غىڭ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

– تىزلان!،– دەپ ۋارقىرىدى خان غەزىپىنى بېسىپ تۇرۇپ.

ئاخۇنۇم ئاچچىقىدا لېۋىنى چىشلەپ تىزلىنىپ ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com

خان سوراقنى داۋام قىلدى:

– ئېيتە ناماز بىزگە نېمە؟

– ناماز بىزگە پەرز!– دەپ ئۈنلۈك ئېيتتى ئاخۇنۇممۇ بوش كەلمەي.

– خوش، ئۇنداق بولسا، نامازنىڭ ۋاقتى بىزگە نېمە؟

– نامازنىڭ ۋاقتىمۇ پەرز!

ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ بەرگەن توغرا جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ بىز كۆپچىلىككە غادىيىپ قاراپ قويدى.

– ئۇنداق بولسا ھەي پوق ساقال!،- پادىشاھ قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى،- نېمىشقا كەنتتە يېغىن ئاچقاندا پىشىن بىلەن ئەسىرنى قازا قىلىسەن؟ نېمىشقا جامائەتنى مەسچىتكە ئېلىپ چىقمايسەن؟

ئاخۇنۇم كېكەچلەپ قالدى:

– بۇنى...بۇنى...سېكرىتار قويمىسا!

– سەن بەدبەخ خۇدادىن قورقامسەن ياكى سېكرېتاردىنمۇ؟

– بۇ...بۇ....

– جاللات!، –دەپ ۋارقىردى شاھ غالتەكنى كۆتۈرۈپ،– بۇ سېكرېتارنى ئۆزىگە خۇدا قىلىۋالغان مۇرتەدكە قىرىق دەررە!

بىز سېكرېتارنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاخۇنۇمنىڭ يانپىشىغا تېپىشنى باشلىدۇق، بىچارە ئاخۇنۇم ھەر بىرنى تەپسەك بىر قېتىم ئىنجىقلايتتى...تېپىكنىڭ ئون توققۇزىنچىسىغا بارغاندا ئاخۇنۇم بولالماي يانپىشىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سېكرىتارغا ۋارقىرىدى:

– ئالە ئىماملىقىڭنى، ئىككى تال پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلە، بىر تال قۇتا غالتەكنى دەپ مۇشۇ ساراڭنىڭ كەينىگە كىرىپ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىما سەن؟ ئىماملىقنى ئەمدى ئاناڭ قىلسۇن!

ئىمام ئاخۇنۇم كۆزىگە ياش ئالغىنىچە مەيداندىن ئالا-تاغىل تۇۋلاپ چىقىپ كەتتى.

خان بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە بىزگە قاراپ ۋارقىرىدى:

– ئالتە قاراقچىنى تۇت!

«بۇ ساراڭنىڭ ئالتە قاراقچى دېگىنى كىمدۇ ئەمدى؟»

بىز ھېچنېمىسىنى بىلەلمەي خانغا تەلمۈرۈپ قارىدۇق.

– ھەي ئوغرى كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ ئولتۇرىسەنغۇ!- دەپ ۋارقىرىدى خان سەپنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سېكرېتارغا بىگىز بارمىقىنى چەنلەپ تۇرۇپ،- شېرىكلىرىڭ بىلەن ئورنۇڭدىن دەرھال تۇر!

بۇ چاغدا سېكرىتار ئامالسىز قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ پەستە ئولتۇرغان كەنت مۇدىرى، بۇغالتىر، ئەترەت باشلىقلىرى بولۇپ بەش كىشىگە بىرمۇ-بىر قاراپ چىقتى. بىزنى كۈلكە بېسىۋېلىپ كۆزىمىزنىڭ قۇيرىقىدا بىر-بىرىمىزگە كۆز قىسىشقىلى تۇردۇق.

پادىشاھ يەنە پەرمان چۈشۈردى:

– جاللات !

– لەببەي شاھىم!

– بۇ گەدەنكەش تاغ قاراقچىلىرىنى ئالدىغا ئەپچىقىپ تىزلاندۇر!

بىز تەمتىلەپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا سېكرېتار ئۆزى باش بولۇپ سەپنىڭ ئالدىغا نەچچە قەدەم چىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، بۇنى كۆرگەن باشقا بەش كىشىمۇ غۇدۇڭشىغىنىچە سېكرېتارنىڭ سېپىگە قېتىلدى.

– جاللات!

– لەببەي شاھىم!

سەككىزىمىز ئۆلگۈدەك تەڭ ۋارقىراپ جاۋاب قايتۇردۇق.

– ئاۋۋال بۇ مەلئۇنلارنىڭ كۆتىگە ئون دەررە!

بىز سېكرېتارغا قارىدۇق، سېكرېتارنىڭ كۆزى بولسا ئەشۇ چويۇن غالتەكتە ئىدى، ئۇ بىزگە بېشىنى لىڭشىتىپ ئىشارەت قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى «تەپسەڭلار تېپىڭلار، لېكىن بوشراق بولسۇن»دېگىنى ئىدى.

بىز دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇ ئالتىسىنىڭ كۆتىگە تەپكەننى دوراپ ساناشقا باشلىدۇق.

– توختاش، ھەرقايسىڭغا غالتەك لازىم ئەمەسكەندە؟- دەپ ئاچچىق توۋلىدى ساۋۇت ساراڭ غالتەكنى يەنە سۇغا تەڭلەپ تۇرۇپ.

– ياق...بىز...بىز....

– ھەرقايسىڭ بۇلارنىڭ قوڭىنى سۈرتۈۋاتەمسەن ياكى ئۇچلاۋاتامسەن؟

سېكرېتار يەنە بىزگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

بىز بۇ قېتىم «بىر...ئىككى...ئۈچ...» دەپ سانىغىنىمىزچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئالتەيلەننىڭ يانپىشىغا بار كۈچىمىز بىلەن تەپتۇق، مەن بۇ قېتىم ھېلىقى سېرىق ئىتنىڭ ئىگىسى بولغان ئەترەت باشلىقىنىڭ يانپىشىغا «ئىت باققانغا توي، ئىت دېگەننى شۇندامۇ باققان بارمۇ؟» دەپ راسا كۈچەپ تەپتىم، ھەر بىر تېپىشىمىزدە بۇ بىچارىلەر تۆغۈتلۇق ئايالدەك «ئي....ئي...» دەپ ۋايجانلىشىپ ئالدىغا دۈم چۈشۈشەتتى. ئون تېپىكمۇ ئاخىرلاشتى، ئۇلار ئېغىز-بۇرنىدىكى تاش - توپىنى سۈرتۈپ پادىشاھقا ئۆمىد بىلەن قاراشتى.

– ئەمدى ئېيتىشە بۇلاڭچىلار!،– دېدى پادىشاھ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ،- بۇ قېتىم سۇ پۇلى يېغىشقانسەن؟

– شۇنداق يىغدۇق!،- تەڭ جاۋاب بەردى ئالتىسى يانپىشىنى سىلىشىپ.

– ھەر يىلى ئەزالارنى ئېرىق-ئۆستەڭ قازدۇرغىنىڭ راستما؟

– راست...

– كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەپ دەريا بېشىغا بىر ئاي مەجبۇرىي ئەمگەككە ئەپچىققىنىڭ راستما؟

– راست...

پادىشاھ تېخىمۇ ئالچاڭلىدى:

– ئېرىقتىكى سۇ ئاناڭنىڭمىدى؟

– ياق...

– ئەمسە داداڭنىڭمىدى؟

– ياق...

ئەمسە ئاناڭنى مۇنداق قىلغىلى بىزدىن سۇ پۇلى يىغامسەن؟- ساۋۇت ساراڭ بۇ گەپنى دېگەچ غالتەكنىڭ تۆشىكىگە بىگىز بارمىقىنى تىقىپ تۇرۇپ بىرنىملەرنى ئىشارەت

قىلدى.

تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئالتەيلەن تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ساۋۇت ساراڭنىڭ قولىدىكى چويۇن غالتەككە تىكىلىپ قاراپ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىما-ئىشارىتىنى چۈشىنىپ قىزىرىشقىنىچە بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى.

يەردە ئولتۇرغان دېھقانلار بۇ گەپتىن خۇشال بولۇپ ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلۈشۈشكە باشلىدى، ئاياللار بولسا بۇ ساراڭنىڭ ھاياسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تورىۋېلىپ پىخىلداشقا باشلىدى.

سوراق داۋاملاشتى:

– ئۇنداق بولسا بۇ قېتىم يىغقان سۇ پۇلىنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈشتىڭما؟

بۇ سوئالغا سېكرېتار جاۋاب بېرەلمەي يېنىدىكى يۈز-كۆزى تويىدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بوغالتىرغا قارىدى.

– ھە...ھە...ئۆتكۈزدۈم، تونۇگۈن ئۆتكۈزگەن!- دەپ ئالمان-تالمان جاۋاب بەردى بۇغالتىر كېكەچلەپ.

– قانچىلىك تىقىۋالدىڭ؟

– مەن...مەن...تىقىۋالمىدىم، ھەممىنى ئۆتكۈزدۈم...

پادىشاھ بۇ جاۋاپتىن دەرغەزەپكە كەلدى:

– جاللات!

– لەببەي شاھىم!

– ماۋۇ يۈندە پۈرۈشقا قىرىق دەررە!

بىز خاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ بۇغالتىرنىڭ يانپىشىغا تازا تېپىشكە باشلىدۇق، بىز تېپىپ ئون ئىككىگە بارغاندا بوغالتىر تېپىككە چىدىيالماي ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى:

– مەن ئىقرار قىلاي...مەن ئىقرار قىلاي...مەندە بۇۋاسىر باتتى...ئەمدى تەپمەڭلار!

– ئېيتە قىزىل كۆز! بۇ پۇلدىن زادى قانچىلىك زىغ-زىغ چىقاردىڭ؟

بۇغالتىر يەرنىڭ تېگىدىن سېكرېتارغا ئالىيىپ قارىدى، سېكرېتار بىر قولىنى ئۆزىنىڭ بويىنىغا ئەكىلىپ گېلىنى چىمدىپ سوزۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى «جېنىم بوغالتىر ئۇكام، ھەممىنى ئۇستۈڭگە ئالغىن، مەن ھامىنى ساڭا ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن، مەن سەندىن ئۆتىنەي، جۇگۇ...جۇگۇ..» دېگىنى ئىدى.

بوغالتىر بۇ قېتىم سېكرېتارغا رەھىم قىلىپ ھەممىنى ئۆز بويىنىغا ئالدى:

– مەن...مەن ...سۇ پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ قالغان...

دېھقانلار بۇنى ئاڭلاپ «مەركەزنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىنلا توغرا ئىدى، ئۇلار ئولتۇرسا-قوپسا خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ھەممىنى قىلىدىغانلار مۇشۇ يەرلىك نائىنساپلار ئەمەسمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ مەيداننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

پادىشاھ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

– ھەممىڭ ئاغزىڭنى يۇمۇش قەلەندەرلەر!

جامائەت خاننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قايىنىۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغانىدەك تىمتاس جىمىپ قالدى. خان سوراقنى كۈچەيتتى:

– تىققان پۇلۇڭ قەيەردە؟

– ئىشخانامدىكى تارتمامدا...

– ئىشخاناڭ مەككە مۇكەررەمدىما؟

– ياق...شۇ ...

–ئەمىسە ئاناڭنى ئالغىلى قاراپ تۇرامسەن، بېرىپ ئەكەلمەمسەن؟

پادىشاھ چويۇن غالتەكنى يەنە كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن سېكرېتار ئالاقزادە بولۇپ بوغالتىرغا ۋارقىرىدى:

–نېمە قاراپ تۇرىسەن، تېزىملىك بىلەن ئەكىلىپ ھەممىسىگە تارقىتىۋەتمەمسەن قاپاقباش!

بوغالتىر قويۇندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي تىقىۋالغان پۇلنى ئەزالارغا تېزىملىك بويىچە بۆلۈپ تارقىتىشقا باشلىدى.

بىز بۇلىۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپ ھەيرانۇ-ھەس قالدۇق، «توۋا خۇدايىم ماۋۇ ساراڭنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى! خۇدايىم بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەنا؟ بۇ ساراڭ سېكرېتار بولۇپ قالغان بولسا كۈتمىگەن شام قىستۇرۇپ ياندۇرىدىغان چېغى نىمانچە ئاچچىق بۇنىڭدىكى!»

شۇنداق قىلىپ پۇل تارقىتىلدى. دېھقانلارنىڭ چىرايىغا باشقىدىن قىزىللىق چىقىپ كۈلكە يۈگۈردى. مۇشۇ تاپتا ساۋۇت ساراڭ بىز دېھقانلارنىڭ كۆزىگە ساراڭ ئەمەس ئەۋلىيادەك كۆرۈنىۋاتاتتى.

پادىشاھ يەنە زۇۋانغا كەلدى:

– سەن كەنتنىڭ بېشىمۇ؟

– شۇنداق پادىشاھى ئالەم!-دېدى سېكرېتار يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى مونچاق-مونچاق تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

– سەن خۇدانىمۇ ئالدىساڭ، خەلقنىمۇ ئالدىساڭ، پارتىيەنىمۇ ئالدىساڭ، دېگىنە سەن زادى نېمە؟

– مەن...مەن...

– سەن دېگەن سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق، سېپى ئۆزىدىن بۇلاڭچى! دېگەنلىرىم توغرىما؟

ساۋۇت ساراڭ شۇنداق دەپ بولۇپ غالتەكنى قولىدا يورغىلىتىشقا باشلىدى، سېكرېتار غالتەكنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېزلا جاۋاب بەردى:

– شۇنداق ئېيتقانلىرى توغرا!

– ئۇنداق بولسا سەن نېمە؟

– مەن...مەن مۇناپىق!

– يەنىچۇ؟

– مەن بۇلاڭچى!

– ئۆزەڭنى كاچاتلا ھەزىلەك!

سېكرېتار ئۆزىنى-ئۆزى كاچاتلاپ تۇرۇپ يىغلامسىراپ ئېيتتى:

– ئەمدى خوش بولاي غالتەكنى بەرگىن!

پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىمىز ئىچىمىزدە راسا خوش بولدۇق.

خان يەنە پەرمان چۈشۈردى:

– ھەممىڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇش!

بىز ھېجىيىشقىنىمىزچە ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق.

www.uyghurkitap.com

– سەنلەرگە لازىمى مۇشۇ غالتەكقۇ؟
– شۇنداق!
– ئەمسە مەن كىم؟
– پادىشاھ! پادىشاھ! پادىشاھ!
بىز بۇ قېتىم ئاۋازىمىزنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ چىن دىلىمىزدىن ۋارقىرىدۇق.
– ياخشى! ياخشى!– خان يەنە بىر قېتىم بىزدىن مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتقاچ ساقىلىنى سىيلىدى، – ئەمدى ھەممىڭ كۆزۈڭنى يۇمۇش!
بىز كۆزىمىزنى يۇمدۇق. مىنۇت ئۆتمەي خاننىڭ يىراقتىن ئاۋازى كەلدى:
–ئەمدى كۆزۈڭنى ئېچىش!
بىز كۆزىمىزنى ئاچتۇق.
ساۋۇت ساراڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ «مانا غالتەك!» ېگىنىچە چويۇن غالتەكنى كۆۋرۈكتىن بىز تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. بىز ھەممىمىز غالتەكنىڭ يورغىلاپ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلە-تىرىلىشىمىزگە قارىماي غالتەك تەرەپكە يۈگۈردۇق. چويۇن غالتەك كۆۋرۈك ئۈستىدە تورۇقشىپ سەكرەپ ئۇدۇل بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.
غالتەكنىڭ تېپىلىشىغا ئىنتىزار بولۇپ كەتكەن بۇ بىچارىلەر ئۆۋسى بۇزۇلغان ھەرە توپىدەك يۈگۈرۈشۈپ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىشتى.
ھاينى-ھۇيت دېگۈچە چويۇن غالتەك بىرىنچى بولۇپ سېكرېتارنىڭ قولىغا چۈشتى، ئۇ خۇشاللىقىدىن غالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇررا توۋلىدى، بۇنىڭدىن بىزمۇ خۇشال بولۇشۇپ كۆزلىرىمىزگە ياش ئېلىپ ھاياجاندىن بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلاشتۇق، كۆۋرۈك ئۈستىدە سەكرىشىپ غەلىبىدىن تەنتەنە قىلىشتۇق ، لېكىن بۇ خۇشاللىقىمىز ئۇزۇنغا بارالمىدى.
ئەمەلىيەتتە كونىراپ لىغىلداپ قالغان بۇ ياغاچ كۆۋرۈك بۇنچە جىق ئادەمنى ئەسلا كۆتۈرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ غەلىبە خۇشاللىقىدىكى ئۆچكىدەك قالايمىغان سەكرەشلىرىمىز كۆۋرۈكنىڭ ئۆمرىنى تېخىمۇ قىسقارتقان ئىدى، تۇيۇقسىز «قاراس-قۇرۇس» قىلغان بىر ئاۋاز ئاسمان-زېمىننى بىر ئېلىپ قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى...
مۇشۇ تاپتا بۇ «غەلىبە قوشۇنى» دىكىلەرنىڭ ھەممىمىز خالتىنىڭ تۇشۇكىدىن قويۇلۇپ كەتكەن پۇرچاقتەك كۆۋرۈكنىڭ شال-ياغاچلىرى بىلەن تەڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق...

* * * * * *

بۇ غالتەك ۋەقەسىدە كۆۋرۈكنىڭ زېيىنىدىن باشقا بىرە ئادەم ئۆلۈپ-يارىلىنىدىغان ئىش بولمىدى لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى سېكرېتار ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى چويۇن غالتەكنى سۇنىڭ ئىچىدە يەنە يىتتۈرۈپ قويدى.
بۇ ۋەقە يېزىلىق ئورگانغا يېتىپ بېرىپ كەنت كومتېت ھويلىسىنى يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق-تاشلىق، ساقچى –پاقچى دېگەنلەر قاپلاپ كەتتى، ساۋۇت ساراڭ تۇتۇلۇپ تامدىكى شۇئارنى چىجىلىغانمۇ، غالتەكنى ئوغرىلىغانمۇ شۇ «پادىشاھ ساۋۇت» بولۇپ چىقتى.

لېكىن يېزىدىن كەلگەن كۆزئەينەك مۇئاۋىن باشلىق «چوقۇم چويۇن غالتەكنى تېپىشىمىز كېرەك! » دەپ تۇرۇۋېلىپ پۈتۈن ئەزالارنى ئۈچ كۈن ئۆستەڭدىكى سۇدىن غالتەك ئىزدەشكە سالدى. شۇنىڭ بىلەن كەنت تەۋەسىدىكى ساقىلى مەيدىسىگە چۈشىدىغان قېرىلاردىن باشلاپ ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان باللارغىچە ھەممىمىز مەيدىمىزگىچە سۇغا كىرىپ چويۇن غالتەكنى ئىزدەشكە باشلىدۇق، ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئەتىۋارلىق «گۆھەر» سايىت چولاقنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلدى....
چويۇن غالتەك ئاخىرى بايراق خادىسىغا قادالدى، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ جاھان قايتىدىن ئەسلىدىكى رەڭدارلىقىنى تاپتى بىزمۇ خۇدايىم بەرگەن بۇ بايراق خادىسى بىلەن خوشلاشتۇق، خالاجاينىڭ تېمىدىكى شۇئارمۇ قايتا جانلاندى، «ساراڭغا سوت يوق» دېگەندەك ساۋۇت ساراڭمۇ پاراۋانلىق ئورنىغا تىقىۋېتىلدى...
شۇنداق قىلىپ بىز بىچارىلەر يەنە ئېتىزغا مەھكۇم بولۇپ ئىشلىرىمىز بىلەن ئالدىراش بولدۇق، نەچچە كۈندىن كېيىن پاتمىخان بىلەن توي ئىشى توغرىلىق ھويلامدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم ئىشىكتىن سايىت چولاق دېگەن خۇمپەر يەنە ھاسىراپ كىرىپ كەلدى– يەنە پادىشاھنىڭ خەۋىرىنى قىلىپ كىرمىگەنسىلەر ئاداش؟– دېدىم ئاچچىقىم بىلەن سۆھبىتىمىزنى بۇزۇپ كىرگەن سايىت چولاققا ئالىيىپ.
ياق ...ياق ... سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى...- دېدى سايىت چولاق بىر ئاز قورۇنۇپ.
پاتمىخان ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىرە مۇھىم ئىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.
– ھە ئەمدى دەڭلا، ئەتىدىكى توي ئىشلىرىڭلارنىڭ گېپىمۇ؟،– دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
– شۇنداق ، بۇ گەپنى باشقا بىرسىگە دېگىلى بولمىدى، سىلى ئەتە مېنىڭ يىگىت قولدىشىم ئەمەسمۇ ئاداش، سىلىگە دېسەم....
سايىت چولاق گېپىنىڭ ئايىقىنى ئېيتماي جىم تۇرىۋالدى.
– دېمەمسىلەر ئاداش، زادى نېمە ئىشتى؟
– سىلىگە دېسەم ئاداش، قاراڭلار ماۋۇ پۇتۇمغا!،–دېدى سايىت چولاق ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ،– كىندىكىمنىڭ ئاستىغىچە مانا مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى.
قارىسام سايىت چولاقنىڭ سونجىقىدىن باشلاپ تىزلىرىغىچە تېرىسى قومچاقنىڭ تېرىسىدەك ھۈلدىلەپ چىقىپ كىتىپتۇ.
– ۋوي بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ سەن ياكى يىلان بولمىساڭ تېرە تاشلايدىغان؟– دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ.
– مەنمۇ بىلەلمىدىم ئاداش، ئەتە تويۇم بولىدىغان تۇرسا، بېرىپ دوختۇرغا بىر كۆرۈنۈپ باقايلى دېگەن.
بىز ئالدىراش كەنتتىكى يالاڭئاياغ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق، دوختۇر ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ پىكىرىنى بەردى:
– بۇ پەقەت سۇدا ئۇزاق تۇرغاننىڭ ئىشى، بەدىنىڭنى چوقۇم سۇغۇقلۇق ئېلىپ كەتكەن گەپ، ئۇگشىلىپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى تېۋىپتىن ئازراق ئىسسىقلىق دورا ئېلىۋال بولمىسا ئەتە

تويى ئاخشىمى خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويسەن!

بىز دوختۇر بىلەن بىر پەس چاقچاقلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قوشنا كەنتتىكى تىۋىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق.

تىۋىپ ئاخۇنۇم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ پۇت-پاچاقلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئوخشاش خۇلاسىنى چىقىرىپ «ئەتە تويى ئاخشىمى هۇجرىغا كىرىشنىڭ ئالدىدا بۇ كۇمىلاچ دورىدىن بىرنى ئىچىۋالساڭ بولىدى!» دەپ خېلى جىق پۇلغا ئۈچ كوملاچ دورا بەردى.

ئەتىسى تويىنى تىنچلىق ئۆتكۈزۈپ يىگىت قولداشلىق ۋەزىپەمنى جايىدا ئورۇندىدىم، ئاخشىمى ياتار چاغدا ئۇلارنى هوجرىسىغا تىقىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيۈمگە ياندىم.

كۈندۈزى بەكلا چارچاپ كېتىپتىكەنمەن بىشىمنى قويا-قويماي بىر چاغدا ئىشىكىمنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، تامبىلىمنى كىيىپ تالاغا چىقسام ئىشىك تۈۋىدە يىڭى كېلىن يەنى سايىت چولاقنىڭ بۈگۈن چۈشتە نىكاهلاپ ئالغان خوتۇنى پوتلا-مىشقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ.

– نېمە بولدى بوغدايچىخان؟

– سايىت...ئۇ...ئۇ...

– هە...سايىت...ۋاي نېمە بولدى، گەپ قىلىڭە؟

– تېز بولۇڭ،– دېدى بوغدايچىخان يىگمىنى تارتىپ،– ئۇنىڭغا بىر قاراڭ، ئاغىنىڭىز ئۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى...

مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئالدىراپ بۇ خوتۇننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ماڭدىم، سايىتنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

بىز هاسىراپ-هۆمدەپ ئۆيگە كىردۇق، قارىسام سايىت چولاق ئانىسىدىن تۇغما هالدا سۇپىدىكى يوتقان-كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئىككى پوتىنى ئاسمانغا تىكلەپ ئوڭدا ياتقان هالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر...ئاللاھۇ ئەكبەر...» دەپ قالايمىقان ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ ئاغزىمغا ئىسسىق سۇ كەلدى «بۇ خۇمپەر ئېلىشىپ قالدىمۇ-يا؟»، مەن دەرهال بىر تال يوتقاننى ئۇنىڭ تۇرۇسقا تىكلەپ ياتقان پوتىغا ئارتىپ ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى يۆگەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

– ۋوي سايىت بۇ نېمە ئىش؟

سايىت چولاق مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ «تەكبىر»دىن توختاپ پۇتۇمغا ئېسىلىپ قان-يامغۇر يىغلاشقا باشلىدى:

– ۋاي توختى...ماڭا ئالۋاستى ئاپتىنى سالدى...ماڭا جىن چاپلاشتى ئاداش...مەن تۈگەشتىم...

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ يەنە «ئاللاھۇ ئەكبەر...ئاللاھۇ ئەكبەر...» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

– ئالۋاستى قانداق ئاپتىنى سالدى ساڭا؟– دەپ سورىدىم زادى نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي.

– ۋاي ئاداش...باياتتىن بىرى ئىككى پۇتۇم ئاسمانغا تىكلىنىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، پۇتۇمنى چۈشۈرەي دىسەممۇ چۈشمەيۋاتىدۇ، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟

ئاڭغىچە سايىت چولاقنىڭ خوتۇنى هۆركىرەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى:

– توختى ماۋۇ ئاغىنىڭىزنى بىر نېمە قىلىڭ، ئۇ ياتار-ياتماي پۇتىنى ئاسمانغا تىكلەپ مۇشۇنداق تۇرىۋالدى، مەن ... مەن...

– ۋاي ئەنسىرىمەڭ، ئۇنى هازىرلا دوختۇرغا ئاپىرايلى، قېنى تامبىلىنى كېيگۈزۈڭ!

– مەن...مەن ...خىجىل بولىمەن، ئۆزىڭىز كېيگۈزۈڭ...

بودايچىخان بىر قولىدا سايىتنىڭ تامبىلىنى ماڭا تەڭلەپ يەنە بىر قولىدا كۆزىنى توسىۋالغان ئىدى. بۇ بوغدايچىخاننىڭ قىز تويى بولغاچقا مەن بونى توغرا چۈشىنىپ ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تامبالنى يۇلۇپ ئالدىم «تۇۋا خۇدايىم نېمە بالاغا قالدىم، يا مەن بۇ چولاقنىڭ تاپقان دادىسى بولمىسام، ئەمدە قوپۇپ بۇ راهەندىنىڭ كۇتىنى سىلاپ يۈرەرمەنمۇ؟»

شۇنداق تەسلىك بىلەن تامبالنى كېيگۈزۈپ چىقتىم، ئەڭ قىيىن بولغىنى سايىت چولاقنى هويلىدىكى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىش بولدى. بۇ چولاقنىڭ تىكلىنىپ قالغان ئىككى پوتىنى بوغدايچىخان بىلەن ئىككىمىز بېسىپمۇ چۈشۈرەلمىدۇق، ئىككى پۇتىنى باسساق كاللىسى تەرەپ قوپىۋالاتتى، كاللىسى تەرەپنى باسساق ئىككى پۇتى يەنە ئاسمانغا قارىۋالاتتى...

بۇنداق ئۈچ بۇرجەك بولۇپ قالغان ئادەمنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشمۇ بىر تەس ئىشكەن، خوتۇنى ئۇنىڭ بېشىدىن كۆتۈردى، مەن ئۇنىڭ بېلىدىن كۆتۈردۈم، شۇنداق قىلىپ ئۇنى مىڭ بىر بالادا هويلىغا ئەپچىقىپ هارۋىغا باستۇق. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى هارۋىدىمۇ ئاسمانغا تىكلىنىپ تۇراتتى، بىز ناهايىتى ئالدىراش دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

دوختۇر بىر كۆرۈپلا مېنى يانغا تارتىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى قولىقىمغا دەپ بەردى:

– ئاغىنىڭىز ئۇ، تىۋىپنىڭ دورىسىدىن زەهەرلىنىپتۇ ئەمەسمۇ؟

– قانداق دەيسىز دوختۇر؟

– ئۇنىڭ يىگەن دورىسىغا ئەسلىدە كۇچۇلا ئارلاشتۇرىلىدۇ، ئەشۇ كۇچىلا دىگەن نەرسە مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ياكى خام هالەتتە بولۇپ قالسا، پۇتنىڭ پەيلىرىنى ئاشۇنداق تارتىشتۇرۇپ ئادەمنى مۇشۇنداق هالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇنداق ئىشلار ئالدىمىزدىن جىق ئۆتكەن ئۇكام!

مەن دوختۇرنىڭ گېپىدىن هەممىنى چۈشەندىم، چۈنكى بىز تۈنۈگۈنلا تىۋىپتىن ھېلىقىدەك ئىسسىقلىق دورىسىدىن ئۈچ كۇملاچنى ئالغان ئىدۇق.

مەن ئاستا بېرىپ كارىۋاتتا ئاسما ئوكۇل سېلىنىۋاتقان سايىت چولاقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

– دورىدىن قانچىنى يىگەن ئاداش؟

– ئۈچ كۈندىن بىرى چويۇن غالتەك خاپىلىقىدا سۇدىن چىقماي يۈرگەچكە ئاچچىغىمدا كۈنگە بىردىن هىساپلاپ ئۈچ تالنىڭ هەممىسىنى بىراقلا ئىچىپتىكەنمەن ئاداش.

سايىت چولاق بۇ گەپنى دەپ بولۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاهىم قىرىق گەز ئۆرلىدى:

– هەي پەسەندى چولاق! هەي پەسەندى چولاق! ساڭا ئىششىقلىق دورىسى ئەمەس كۆتۈڭگە خالتا كېيگۈزۈپ قويۇپ سۈرگە دورىسى بېرىدىغان ئىمكەنسەن!

1996 – يىل قارىقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# غۇنچىلار قەلىمىدىن



## شائىر ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان «باھار قايتىدۇ» ناملىق شېئىرىيەت فېستىۋالىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن

## ئىككى شېئىر



مارىيام نىزامىدىنوۋنا (قازاقىستان)
ئاقتام ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 9 ـ ئە سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### جاۋاب

ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ«ئاياقلاشمىغان شېئىر» ناملىق شېئىرىغا جاۋاب

ئەپسۇسلانماڭ سىز بوۋا، شېئىر پۈتەر،
توختىغان ناخشىمۇ قايتىدىن ياڭرار.
كېچىكىپ بولسىمۇ چىقار كۈن نۇرى،
شۇ پەيتتە ئېرىيدۇ تاغنىڭ قارلىرى.

يامغۇرنى تۆكەر بۇلۇت بىر كۈنى،
دەريا بويلاپ ماڭار ئېكەن ئېقىمى.

دۇتارىڭىزنىڭ تارىنى قايتىدىن ئۇلاي،
ياڭرىسۇن ئۇ تەشنا قىلىپ ھەممىنى.

ئىجادىيەت بېغىنىڭ بۇلبۇلى سىز،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى سىز.
توختىسىمۇ ھايات يولىڭىز،
ئىلھام بېرەر بىزگە ھەربىر شېئىرىڭىز.


مارىيام ئوقۇتقۇچىسى قەمەيۋا راھىم سۇنىياسۇنقىزى بىلەن بىرلىكتە

## مېنىڭ خەلقىم

ۋاراقلىسام خەلقىمنىڭ تارىخىنى،
ئۆچمەس ئەجدادىمنىڭ باسقان ئىزى.
ساقلانغان تېخىچە مەدەنىيىتى،
ئۇنتۇلماس ھەتتا چوقۇم قىلغان ئىشى.

چۆل-دالا ۋە ئىدىر-قىرنى گۈللەتكەن،
قىلىن قارا تۇمۇرنىمۇ يۇمشاتقان.
تېنچ ياتماستىن يوقتىن بارنى چىقارغان،
ماختىناي مەن خەلقىم بىلەن ھەرقاچان.

ماختانسام ماختىنارلىق خەلقىم بار،
تۆزۈملۈكتۇر،تىرىشچان ئۇ بىلىپ قال.
ھۈنەر تۇرۇن بىلگىڭ كەلسە بىزدىن ئال،
ھۈنەرسىزلەر بىزدە يوق،ھۈنەرلىك بار.

شائىر، ئۇستاز، ئالىم، دوختۇر، ئىنژېنېر،
قەيسەر مىنەز باتۇرلار ھەم باشچىلار.
سودىگەرلەر، تىككۈچىلەر، ئاشپەزلەر،
ياغاچچى، ئۇستىلار ۋە باغۋەنلەر.

ھەممە ھۈنەر قىر-سىرنى ئۆگەنگەن،
جاپاكەشتۇر خەلقىم مېنىڭ تەر تۆككەن.
ئېچىنارلىق بولار يېرى شۇ ئىكەن،
مۇساپىر بىز پايتەختىدىن ئايرىلغان.

قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك ئۇيغۇرۇم،
بۇ ھەسرەتكە چىدالمايدۇ غورۇرۇم.
تىرىشارمىز، كۈچ سالارمىز ئۇنتۇشقا،
خوشال كۆڭلەر كىلەرمىكىن قايتىدىن.

دۇئا قىلىپ ئىلاھىمدىن سورايمەن،
مەڭگۈلۈككە بىزدە تېنچلىق بولسۇن دەپ.
كۆڭلىرىڭنى خوشال ئۆتكۈز ھەربىرىن،
تازىم قىلاي پەخرىم مېنىڭ ئۇيغۇرۇم!

# شېئىرلار

### نازگۈل ئاكىموۋا (قازاقىستان)

ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئۇيغۇر ناھىيەسى ھېزىم ئىسكەندەروۋ نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 10 – سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## بىلگىن ھايات

بىر پەرزەندى ئۇيغۇرنىڭ،
بارلىقىنى سالغاچ سېنىڭ يادىڭغا.
ناۋائىينىڭ يۇلتۇزىنى پىر تۇتقان
ئابدۇمېجىت دۆلەت يورەر ئالدىڭدا!

ئىجادىيەت باغلىرىدا «سىرداش» ئاكام،
ناۋائىينىڭ يۇلتۇزىنى پىر تۇتۇپتۇ.
ئۇيغۇرۇمنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھاياتىنى،
شېئىرىيەت باغلىرىدا غۇنچە قىپتۇ.

قەلىمنى ئات قىلىپ مىنىپ دىدار ئىزدەپ،
بىلال، قاشىي، ئابدۇلھەينى ياد ئەيلەپتۇ.
ئىلھام بىلەن ئويلىرىدىن مارجان تىزىپ،
ئەۋلاد ئۇچۇن ئەجداد بىلەن سىردىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«سىرداش»، ئۇستاز مەنمۇ بۇگۇن قەلەم ئېلىپ.
ئىجادىيەت باغلىرىدا سەيلە قىلىپ.
مىللىتىمىنىڭ ئارزۇ-ئارمان، ئويلىرىدىن.
ئىلھام بىلەن گۈلدەستىلەر ئالاي تىزىپ

## ئەل قەلبىدە ئورنى بار

تېتىك شائىر يۇرتىمىزنىڭ گۈلى ئىدى،
بوم ئاۋازلىق، سايرىغان بۇلبۇلى ئىدى.
دوستلۇقنى، تېنچلىق ئەلنى مەدھىيلىگەن،
ئېگىلىسمۇ سۇنمىغان شائىرى ئىدى.

يازغان شېئىر، داستانلىرى مەزمۇنلۇق ئىدى،
خەلقىمىزنىڭ مۇڭ زارىنى ياڭراتقان ئىدى.
قەلىمىنى ئات قىلىپ مىنىپ، ئۇستاز بولغان.
مەرىپەت بېغىنىڭ ئېسىل باغۋىنى ئىدى.


شائىر ئېدى، دېھقان ئىدى، تېتىك ئىدى.
ئۈنلىرى بوغۇلسىمۇ سايرىغان ئىدى.
ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالغان.
ئىجادىيەتتە سايراپ تۇرغان بۇلبۇل ئىدى.

## ئانا

ئانا دېگەن ئۇ - ئالەمنىڭ جەننىتى،
ئانا ئۆينىڭ زىننىتى ھەم بەرىكىتى.
ئانىسىز ئەسلا تۇلدۇر بۇ ئۆمۈر،
ئانا دېگەن ئۇ-ئەلنىڭ سۆلتى.

ئانا ئەلنىڭ ھېچ تۈگىمەس بايلىقى،
ئانا ئۆينىڭ ئۇيۇتقىسى،قايمىقى.
بالا ئۇچۇن جانىدىن كېچەر ھەر قاچان.
ئانا باردا ساقلىنار ئەل تېنچلىقى.

تۇن ئۇيقىسىن تۆتكە بۆلگەن ئانىجان،
پەرزەنت ئۇچۇن جاپا چەككەن ئانىجان.
بۆشۈك بىلەن دۇنيانى تەڭ تەۋەتكەن،
تاشتىن قاتتىق،گۈلدىن نازۇك ئانىجان.



نازگۇل ئوقۇتقۇچىسى تائىپوۋا سەنەم ئەمردىنقىزى بىلەن بىرلىكتە

# شېئىرلار

ماسماخونوۋا رۇفىنا رەخمىدىن قىزى (قازاقىستان)
ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى غەيرەت يېزىسى
ئى.ساتتاروۋ ئوتتۇرا مەكتىپى 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



## بۇلبۇلنىڭ ئۈنى

تۈن يېرىمى ئايدىڭ كېچە ئاخشىمى،
ئۇيقامدىن بىر خۇش ئاۋازلار ئويغىتار.
ئۇ نېمە؟! ئۇ باغدىكى بۇلبۇل ئۈنى،
قەلبىمدە بىر ھاياجانلىق قوزغىتار.

نېمىشقىدۇ بۇلبۇل ئۈنىن ئاڭلىسام،
قەلبىمدىكى غەم-قايغۇلار تارقايدۇ.
كۆڭلۈمدىكى ھاياجاننى تاپقاندەك،
ئەشۇ بۇلبۇل ھېچ توختىماي سايرايدۇ.

ئويغاق يېتىپ، قۇلاق سېلىپ تىڭشىسام،
تاڭ ئاتقىچە كۆز يۇمغۇممۇ كەلمەيدۇ.
خۇددى ماڭا بىر نېمىلەر دېگەندەك،
ئەشۇ بۇلبۇل خۇش يېقىملىق سايرايدۇ.

سايرا بۇلبۇل كېچە-كۈندۈز سايرىغىن،
سايراۋەرگىن ھېچ قاچان سەن ھارمىغىن.
ئاجايىپ ھەم خۇش ئاۋازلىق بۇلبۇلۇم،
ئۆتۈنۈمەن بىزنىڭ باغدىن كەتمىگىن.



ماسماخونوۋا ئوقۇتقۇچىسى ئۇشۇروۋا ئارزىگۇل
تاشپولاتقىزى بىلەن بىرلىكتە

## ئۇيغۇرۇم

چىداملىق، ئۈمىدۋار، ئەزىز ئۇيغۇرۇم،
جاپاكەش تەقدىرىڭ قەلبىمنى تىلار.
قۇدرەتلىك مېھنەتكەش ئەزىز ئۇيغۇرۇم،
تارىخىڭ دۇنيانى تەڭ قايىل قىلار.

تەقدىرىڭ – ئۇ خەلقىڭ، دېسە سەزمەتتىم،
راستلىغىن بۇ گەپنىڭ ئەمدى چۈشەندىم.
ۋەتەننىڭ قۇياشلىق تېگى ئاتمىسا،
كۈلمەسكەن ئۇيغۇر بوپ پەرىشان كۆڭلۈم.

ئەزەلدىن ئىلىمنى گۈللەتكەن ئېدىڭ،
دۇنياغا جار سېلىپ ئۇيغۇر تىلىدا.
مىڭ ئەپسۇس، كەلگۈندى زالىملارغا سەن،
قالدىڭغۇ نائىلاج بولۇپ بېقىندا.

ئۇيغۇرۇم ئارمىنىم چوققىسىدا سەن،
نامىڭدا ئاتالسۇن مەن سۆيگەن ۋەتەن.
جاسارەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن
ئوغلانلار سېپىدا تۇرسام ئېدىم مەن.

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم- ئېسىل خەزىنەم،
ئۇيغۇرۇمنىڭ تارىخى.
ئۇلۇغ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ،
ھەر بىر قۇرى، ۋارىقى.

ئانا تىلىم-مۇقامىم،
ئەجداتلىرىم ياراتقان.
تازا ھەم گۈزەللىكى،
دۇنيا ئەھلىن قاراتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جاۋاب

(ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ «تىز پۈكتۈرگەن»گە شېئىرىغا جاۋاب)

**سۈنۈر دىلناز (قازاقىستان)**
**ئالتىبېكى بېرتائېۋا نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى**

## بۇلبۇلنىڭ ئۈنى

بۇ ھاياتتا گۈللەرگە بەك ئامراقمەن،
گۈللىرىمنى خۇش بولۇپ مەن پۇرايمەن.
گۆزەل باقما ئۇزاق-ئۇزاق تەلمۈرۈپ،
گۈلگە ئوخشاش،خۇش پۇراق چاچسام دەيمەن.

شۇ گۈللەرگە بەك ئوخشۇغۇم كېلىدۇ،
گۆزەل بولۇپ مەڭگۈ تۇرغۇم كېلىدۇ.
چىمەنلىكنى گۈلزار قىلىپ ئۆزۈمگە،
گۈل-چىمەننىڭ كەيپىنى سۈرگۈم كېلىدۇ.

گۈللەر،گۈللەر شۇك تۇرىسلەر ئۈن قاتماي،
مەن ئۆزەمنى قانچە ئاڭا ئوخشاتماي.
مەنمۇ بىر گۈل،غۇنچە بولۇپ ئېچىلغان،
ئائىلەمنىڭ ئەركىسى بوپ بېقىلغان.

كېيىن كەلدى، كېپىنەككە ئوخشۇغۇم ،
قانات كەبى بولسا دەيتتىم قوللىرىم.
گۈلدىن-گۈلگە،قانات قېقىپ ئۇچسام مەن،
خۇش پۇراقنىڭ لەززىتىنى ئالسام مەن.

باغ ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرسەم كۈلۈپ شاد،
ساز-نەغمىنى ئېيتىپ يۈرسەم مەن ھايات.
قانات قېقىپ ئۇچقان يېرىم گۈل بولسا،
ساز نەغمىلەر ياڭراپ تۇرسا شۇ باغدا.

كېپىنەكمۇ ئۇچۇپ يۈرسە شۇ باغدا،
ئۇ يۈرگەندەك خۇددى جەننەت بېغىدا.
كېپىنەكنىڭ سەيلىسىگە خوشال بوپ،
كۆز ئۈزمەستىن قاراۋەردىم مەن ئاڭا.



ھۆرمەتلىك قوربانجان دۆلەتوۋ ئاكىمىزدىن مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئېلىشى

*ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،*
*سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال*

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلى

# ئەقلىيە سۆزلەر

**مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)**

كۆڭلىڭىزدە مۇھەببەت بولسۇن، مۇھەببەت بولمىسا كۆڭلىڭىز خۇددى قۇرۇپ قاقشال بولغان باغقا ئوخشاپ قالىدۇ.
ئوسكار ۋايلد (Oscar Wilde) ئىرلاندىيە

سىياسەت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.
نىككولو ماچىئاۋەللى (Niccolo Machiavelli) ئىتالىيە

ھەسرەت باكتېرىيە ۋىروسلاردىنمۇ تېز ئۆلتۈرىدۇ.
جون ستاينبەك (Franklin D. Roosevelt) ئامېرىكا

سىياسىي سەھنىدە تاسادىپىيلىق يوق. بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە "بۇ ئىش پىلانلانغان" دېسىڭىز خاتالاشمايسىز.
فرانكلىن روزېۋېلت(Franklin D. Roosevelt) ئامېرىكا

بىز تاغقا ياماشقاندا تاغنى بويسۇندۇرمايمىز، بەلكى ئۆزىمىزنى بويسۇندۇرىمىز.

ئەدمۇند خىللارىي (Edmund Hillary) يېڭى زېلاندىيە

بىر ئاددىي لېكىن مۇھىم پرىنسىپ بار، ئۇ بولسىمۇ، خۇدا پەقەت ھەقىقىي تىرىشقانىڭلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ.
خەنرىي ۋورد بىچېر (Henry Ward Beecher) ئامېرىكا

سىز كۈلمىگەن كۈن، سىز ئىسراپ قىلىۋەتكەن كۈندۇر.
چارلىز چاپلىن (Charlie Chaplin) ئەنگلىيە

پەقەتلا قىرغاقتا دېڭىزغا تىكىلىپ قاراپ تۇرساڭ دېڭىزنى كېسىپ ئۆتەلمەيسەن..
رابىندرانات تاگور (Rabindranath Tagore) ھىندىستان

مۇۋەپپەقىيەت تەييارلىق بىلەن پۇرسەت ئۇچراشقان يەردە.
بوببىي ئانسېر (Bobby Unser) ئامېرىكا

بىر كىشىگە بولغان ئەڭ سەمىمىي ھۆرمەتلەرنىڭ بىرى ـ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىشتۇر.
برايانت خ. مەككىل (Bryanth McGill) ئامېرىكا

مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى كۈچ ـ قۇدرەتكە بولغان مۇھەببەتنى يەڭگەندە دۇنيا تىنچلىقنى چۈشىنىدۇ.
جىمى خەندرىكس (Jimi Hendrix) ئامېرىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر بىر تالانت ئىگىسىدە ئازراقتىن تەلۋىلىك بار.
ئارستوتىل (Aristotle) يۇنان

مۇزىكا دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ، چۈنكى مۇزىكا ئادەملەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.
بونو (Bono) ئىرلاندىيە
ھېچنېمىنىڭ تەسىر كۈچى ئادەتنىڭ تەسىر كۈچىگە يەتمەيدۇ.
گىلبېرت پاركىر (Gilbert Parker) كانادا

باشلامچى بىلەن ئەگەشكۈچىنىڭ پەرقى ـ ئىجادچانلىق.
ستىۋ جوبس (Steve Jobs) ئامېرىكا

ئاددىيلىق ئىسىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.
لېئوناردو دا ۋىنچى (Leonardo Da Vinci) ئىتالىيە

ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىكى بىرىنچى قەدەم ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى بايقاش، ئىككىنچى قەدەم ـ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇش.
ناتانىئال براندىن (Nathaniel) كانادا

ئۆزىڭىز قىلالمايمەن دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىڭ.
ئېلىنور روزېۋېلت (Eleanor Roosevelt) ئامېرىكا

ئىنسانلارنىڭ بىر ئۈنۈملۈك قورالى بار، ئۇ بولسىمۇ كۈلكە.
مارك تۋاين (Mark Twain) ئامېرىكا

خاتالىقلارنى كەچۈرگىلى بولىدۇ، لېكىن كەچۈرۈلۈش ئۈچۈن خاتالاشقۇچى خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.
برۇس لى (Bruce Lee) ئامېرىكا

ھەقىقەت خۇددى قۇياشقا ئوخشايدۇ، سىز ئۇنى ۋاقىتلىق توساپ قويالايسىز، لېكىن ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ.
ئەلۋىس پىرەسلىي (Elvis Presley) ئامېرىكا

ئاياللارنىڭ ئەڭ يارىشىملىق گىرىمى ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ.
بلېيك لىۋلى (Blake Lively) ئامېرىكا

مەن راستچىللىق بىلەن ئۇتتۇرۇشنى، ساختىلىق بىلەن ئۇتۇشتىن ئەۋزەل كۆرىمەن.
سوفوكل (Sophocles) يۇنان
مائارىپ ئەركىنلىكنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچتۇر.
جورج ۋاشىنگتون كارۋېر (George Washington Carver) ئامېرىكا

قابىلىيىتىمىزنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدىلا ئۇ چەكلەردىن ئېشىپ كېتەلەيمىز.
ئالبېرت ئېينىشتېيىن (Albert Einstein) گېرمانىيە

شۇ ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن، دۇنيادا سىزدىن بىرلا بار، سىز ئۆزگىچە، دۇنيادىكى ھەر بىر ئىنسان ئۆزگىچە.
مارگىرىت مېد (Margaret Mead) ئامېرىكا

تاغ جىلغىسىدا تۇرۇپ كۆرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ھەر بىر تاغدىن ھالقىيدىغان يول بار.
تېئودور رۆتكې (Theodore Roethke) ئامېرىكا

بىرىنچىدىن، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ھاياتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىڭ. بىر قېتىممۇ ئۈتتۈرماي يېڭىشنىڭ تەمى ئۈنچە شېرىن ئەمەس.
ئالىسسا مىلانو (Alyssa Milano) ئامېرىكا

ئەقىل ـ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارىدۇر.
ستىۋېن خاۋكىڭ (Stephen Hawking) ئەنگلىيە

باشقىلار سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلىشى ياكى ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن، لېكىن پوزىتسىيىڭىزنى چوقۇم ھېس قىلىدۇ.
جون س. ماكسۋېل (John C. Maxwell) ئامېرىكا

ئوبدان ئويلىشىپ ئۆزىڭىزدىن سوراڭ: ”مەن تۇرمۇشۇمدىن رازىمۇ؟“
بوب مارلېي (Bob Marley) يامايكا

قايغۇ ـ ھەسرەت بولمىسا «خوشاللىق» دېگەن سۆز ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ.
كارل يۇڭ (Carl Jung) شۋېتسارىيە

پۇرسەت نۇرغۇن ۋاقىتتا ئېغىر ئەمگەكتەك كۆرۈنىدۇ، شۇڭا نۇرغۇن ئادەم پۇرسەتنى بايقىمايدۇ.
ئان لاندېرس (Ann Landers) ئامېرىكا

ئۆزۈڭ گۈزەل دەپ قارىغان ئىشلار ۋە نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بول.
رۇمى (Rumi) پارس ئىمپېرىيىسى

سېنىڭ ئاچچىقىڭنى كەلتۈرەلىگەن ئادەم سېنى بويسۇندۇرالايدۇ.
ئېلىزابېت كەننىي (Elizabeth Kenny) ئاۋسترالىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

## قاسىمجان ئەيسا شېئىرلىرى (قىرغىزىستان)

### سۈنماس قەلەم

بارمۇ دېسە بار دېگۈدەك ۋەتەن بار،
پەخىرلەنسە ئەرزىگۈدەك خەلقىم بار
سوراپ ئۆتكىن هال ـ ئەھۋالىن ئۇلارنىڭ،
ھەريۈرەكتە ئالەمچىلىك ئەلەم بار.

ۋەتىنىم بار مەن مېھرىگە قانمىغان،
خەلقىم ـ باتۇر، كۈرەش قىلىپ تالمىغان.
ئەشۇ ۋەتەن، ئەشۇ خەلقىم بەختىگە،
قانداق تاڭ ئۇ ـ يورىمىغان ، ئاتمىغان.

قېنى قۇياش، بىزگە مەنسۇپ يورۇقلار؟
قېنى سېنىڭ ئىسسىق تەپتىڭ بىزگە يار.
بارچە ئەلنى تەڭ هوقۇقتا ياراتقان،
بىزنى نېچۇن بۇ ھوقۇقتا قىلۇر خار.

دەردنى ئاز دەپ قىينار شۇنداق سوراقلار،
سوراقلارنىڭ جاۋابى يوق، ئەلەم بار.
جاۋاب ئىزدەپ سېنىڭ بىلەن مېنىڭدىن،
ئۈمىد بېرىپ كەلگەن سۈنماس قەلەم بار.

1993 ـ يىلى

### يۈرىمىز ساقلاپ

خەلقىمنىڭ يازغۇچى، شائىرى كۆپكەن،
كۆپ قىرلىق سەنئىتى، ماھىرى كۆپكەن.
سەزگۈر كۆز، قۇلاق ھەم ئۆتكۈر تىل بولۇپ،
ئەل ـ يۇرتى ئىشقىدا كۆي كۈيلەپ ئۆتكەن.

— پەدەڭنى يۆتكىگىن، ـ دېدى بىرلىرى،
قايغۇ، مۇڭ ـ زارىڭنى تارتقىنا نېرى.
سەن سۆيگەن خەلقىڭنىڭ كۆڭلى بەك مىسكىن،
خۇشاللىق بىر قوشاق ئېيتقىنا قېنى.

مەن دېدىم: ـ سەراپنى بىلمەي، مەدھىيلەپ،
يۈرەكلەر تارىغا ئۇرمايمەن زەخمەك،
ئالدامچى ۋەدىلەر دەردنى ئاز دەپ،
يالغاندىن نېمىشكە ھېسسىيات ئىزدىمەك!

ـ خەلقىمنىڭ قەلبىدە « تۈگىمەس ناخشا»،
دۈشمەننىڭ كۆكسىدە «چالا تەككەن ئوق».
ئېيتالماي كەلمەكتە شادلىق ناخشىمىز،
ئۇنى مەن بىمەزگىل ئېيتىپتىمەن قانداق؟

ئېيتالماي كەلگەن ئۇ ـ بايراملىق قوشاق،
ئۈزۈلمەس بىر ئۈمىدتە دىللاردا يادلاپ،
كۈرەشچان ئاتىلار بالىغا تاپىلاپ،
ئۆز بايرىمىمىزنى يۈرىمىز ساقلاپ.

1994 ـ يىلى بىشكەك

### ۋەتەن بالىسىغا

ۋەتەن ئوغلى سادىق دوستۇم مېھرىبان بول!
ۋەتەن ـ خەلق خىزمىتىگە كۆيۈمچان بول!

ھەقىقەت دەپ، ھەقنى ياقلاپ پاكلىق بىلەن،
كەڭ مەيداندا ئەركىن چامدا غەيۇران بول!

ئادالەت دەپ كۆكرەك كېرىپ بەلنى باغلاپ،
مەنزىل كۆزلە ـ نومۇسنى دەپ پەھلىۋان بول!

نەپسانىيەت بار يەردە سەن ھەرگىز تۇرما،
تۇغرا نىيەت تازا ۋىجدان ئارسلان بول!

جاپا چەكسەڭ قايغۇلانما، ئارقىغا قايتما،
مۈشكۈللۈكنى يېڭىشتە سەن قەھرىمان بول!

كولاپ ئېچىپ، ئىزدەپ تېپىپ، قوغلاپ يېتىپ،
بىلىم ئېلىپ مەزلۇملارغا قەدىردان بول!

1948 يىلى

# چاقىر مېنى

نادىرە ئافاقوۋا (ئۆزبېكىستان)

چاقىر مېنى ئىسمىمنى ئېيتىپ.
پارچە - پارچە بولسۇن بۇ تۇن، بۇ شۇبھەم.
ئېھتىمال تۇگىدى ئۆمرىمىز ئۆتۈپ،
بەلكى، بىر دەقىقە قالدى، مەھبۇبەم.

سەنسىز ھاياتىمنى سورىما نېمە دەپ؟
ئەسلىرىمنى قايتىدىن ئەيلىمە خاراب.
مىڭ يىل كوزىلارنىڭ تۇۋىدە يېتىپ،
مۇڭلۇق بىر زەھەرگە ئايلانغان شاراب.

شابىستان مۇلكىنى قىلدى بەرپا،
خەيرىسىز ئىستەكلەر، شەيتانىي تۇيغۇ.
قۇياشنىڭ يولىدا تۇرغاندەك گويا..
سايىگە چۆمۈپتۇ بىز تۇرغان ماكان.

ئىسراپىل سۈرىسىنى چالغاندىن كېيىن،
بىرگە بولالايمىز، بۇ تەسكىن ئاچچىق.
تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتمەكتە كۈن، تۈن،
سەن ئۇنى پارچىلا ئىسمىمنى ئېيتىپ.

قولىڭنى چۇشۇرمە مەن تامانغا سوز،
ئېيتالمىغان سۆزلەرنى تۇغىدۇ ئالەم.
پارچىلاپ بولالماس ئۇ كۈلكىنى ھەرگىز،
بىرگە بولماق كېرەك بۇ دۇنيادا ھەم.

كۆزلەرگە چېچىلغان شور تۇپراقلار ھەققى،
قېنىمىز ئاينىتقان تىترەكلەر ھەققى،
ئىسمىڭنى ئېيتاي دېسەم،
ئىسمىمنى ئېيتاي دېسەڭ،
ئوتتۇرىغا تاشلانغان نىقابلار ھەققى،
مۇقەددەس چاغلاردا ئۆزىمىز ئېيتىپ،
ئۆزىمىز ئىشەنگەن يۇلغۇنلار ھەققى،
ياشايلۇق بۇ ئۆمرىمىز پۈتۈپ، قەبرىگە - ،
پەقەت بىر دەقىقە قالغىنى كەبى.
چاقىر مېنى، چاقىر ئىسمىمنى ئېيتىپ،
كۆزلەردە پارلىغان ئۆلۈملەر ھەققى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: راھىلە كامال

# ئەيىۇھاننااس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

تامچە (ئاۋستىرالىيە)

ئۇيغۇر ئاقسا دەريا كەلكۈندە ،
ساپ قانلىرى ئاقسا ئەگىزدە ،
مۆكۈپ يۈرگەن قارشى قىرغاقتا ،
ئەيىۇھەنناس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟

يۈرۈ دىسە جان قېرىندىشىم ،
سۆرەپ چىققان كونا كالىچىم ،
ياردەم دىسە ئاغرىغان بېشىم ،
ئەيىۇھەنناس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

ياخشى سۆزگە كۆپتۈر پىكرىم ،
دۈشمەنلەرنى دەپ مەن ئادىشىم ،
قېرىنداشنى قويماي غاجىشىم ،
ئەيىۇھاننااس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

كەلگىنى يوق قولۇمدىن ئىشىم ،
ئوخشىمايدۇ ئىچىم ھەم تېشىم ،
سېزەلمەيمەن باھار يۇ قىشىم ،
ئەيىۇھاننااس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئازگاللارنى تىندۇرالماي ھەم ،
ئاسغالىت يولدا تولا پۇتلىشىم ،
پاتتۇرمايمەن تېخى يۈرتىدىشىم ،
ئەيىۋھانناس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

كەسىپ ئىدى كەينىدىن غاجاش ،
سەھنىلەرگە كۆچتى داتلىشىم ،
قاتۇرمىدىم ئۆلۈمگە بېشىم ،
ئەيىۋھانناس مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ ؟!

بۇنداق ياشاپ يۈرگەندىن كۆرە ،
ئەۋزەل ئىكەن ئۆلۈپ تۈگىشىم ،
كېلەر يىغلاپ شۇ چاغ ئۇيغۇرۇم ،
سوراش نۇمۇس «مەنمۇ ئۇيغۇرمۇ »؟!

2019 ـ يىلى 13 ـ فېۋرال

# دۆڭكۆۋرۈكتىكى تۆگە

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

1

دۆڭكۆۋرۈكتە بىر تۆگە
ئېگىسىگە ساڭقايدۇ تەڭگە .

ئېھ ،يانتاقتا ئامراق بىچارە ،
ئىگەڭ بىلمەس يانتاقنى ئەمما .
ۋاراقلىماس ئويۇڭنى ھېچكىم ،
كۆزلىرىڭدىن ئاقار مۇئەمما .

ئۇياقتا تۇرىدۇ مىكرو ھەيكىلىڭ ،
كېتەر ئاپپاراتتا ھەريانغا كۈرمىڭ ....
بولسىمۇ چۆل ئەسلى ماكانىڭ ،
سېمونت ئېغىلغا بۆلەگلىك جانىڭ .

پۈتۈك قۇمغا ئەمەس ،سېمۇنتقا پاتار ،
تۇمشۇقۇڭدا نوقتا ،بۇرنۇڭدا چۈلۈك .
يىپەك يولىنى گۈللەتكەن ئىدىڭ ،
ئەمدى مال ئەمەستۇر ئۇستىڭدىكى يۈك .

كېلەر كۆز ئالدىمغا بۈيۈك سەلتەنەت،
ماڭسام ساڭا مىنىپ كوچىدا بىر رەت .
ئۇچاڭغا يېپىلغان ئوتقاشتەك ئەتلەس ،
تارىم ۋادىسىدىن ئارىيە پەقەت .

2

پويىزىمىز ئىدىڭ تەكلىماكاندا ،
رەت ـ رېتىڭدىن ياسايتتۇق ۋاگون .
كىملىكىمىزنى ئوقۇيتتى شۇندىن ،
بۇ يېقى رۇم ،ئۇ يېقى لوندون ....

سەن يۈدۈپ كېلەتتىڭ ،ئېلىپ كېتەتتىڭ
بىزدىن نېمىنىدۇر ،ئۇ تەرەپتىن ھەم ....
بوۋاڭنىڭ كۆزىدە بىزنىڭ ئىزىمىز،
پۇتلىرىدا چۆلدەك كەچمىشىمىز جەم .

بوۋىسىغا ئوخشىسىمۇ
ھېچكىم بوۋىسىدەك بولالماس .
كۈن شەرىقتىن چىقسىمۇ ھەر تاڭ ،
ئاسمان كۈندە كۆلۈپ تۇرالماس .

2008 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ، كورلا

# بىر چاغلاردا ئاناممۇ بالا ئىكەن

**(ھېكايە)**

**ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە)**

مەكتەپتە تولىمۇ ئىچىم سىقىلدى.

— مەن تۇغمەننىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەي، توردىن قاراپ بېرەي مۇئەللىم، — دېدىم.

بەلكىم ماڭا ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، تەييارغا ھەييار دەپ ئەيىبلىدى، ئەسلىدە بەك ئەيىبلەپمۇ كەتمىدى، لېكىن مەن شۇنداق ھېس قىلدىم. يالغۇز مەنلا گۇناھكارمۇ؟ دادام بىلەن ئانامنىڭ ئىشلىرى دائىم ئالدىراش، بەزى نەرسىلەرنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئورنىغا:

— كومپيۇتېرنى ئېچىپ قاراپ باق، — دەيدۇ.

مەن بۈگۈن ھەممىنى ئۇلارغا دەيمەن.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قاپىقىمنى تۈرۈپ ئولتۇردۇم. ئانامغا بىراز نازلىنىپ تۇرۇۋالدىم. نېمە بولغانلىقىنى قايتا - قايتا سورىغاندىن كېيىن، بولغان ئىشنى دەپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇجرامغا كىرىپ كومپيۇتېرنى ئاچتىم ۋە ئويۇن ئويناشقا باشلىدىم. ئانام يېنىمغا كېلىپ، سىرتتىمۇ ئوينايدىغان نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئويناپ باققۇم كەلدى، لېكىن ئاناممۇ، داداممۇ ئويۇن ئويناشنى بىلمەيدىغان تۇرسا، ماڭا نېمە دەپ بېرەلەر دېگەنلەرنى ئويلىدىم، بىللە ئاشخانىغا كىردۇق. ئانام بىر تەرەپتىن ماڭا تۇغمەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن قولىغا ئېلىۋالغان ئالمىنى چۆرگىلىتىپ تۇرۇپ چىش كولىگۈچ سانجىدى، كېيىن ئوتتۇرىنى ئېلىۋەتكەندىن جۈمەكتىن سۇ ئاققۇزۇشقا باشلىدى. ئالما ئۈستىگە سۇ ئاققانسېرى چۆرگىلەشكە باشلىدى، سۇ كۆپەيگەنسېرى ئالمىنىڭ چۆرگىلەش سۈرئىتىمۇ تېزلىشىۋاتاتتى. بەك ھەيران قالدىم، ئاناممۇ ئويۇن ئويناشنى بىلىدىكەن.

— سىز بۇنى نەدىن بىلىسىز ئانا؟ — دەپ سورىدىم. ئانام كۈلدى:

— بىزمۇ بۇرۇن بالا ئىدۇق، — دېدى ۋە قولىدىكى ئالمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ بىر ئاددىي تۇغمەن مودېلى، — دېدى.

كېيىن ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا تۇغمەننى قانداق ئايلاندۇرغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇرۇن ئۇلارنىڭ كومپيۇتېرى، ھەر خىل رەڭلىك ئويۇنچۇقلىرى يوقكەنتۇق، ئۇلار ئويۇنچۇقلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ ئوينايدىكەنتۇق. ھەتتا قۇرۇپ قالغان پىدىگەن بىلەن تاياقنى، ئوت - چۆپلەرنى ئاياغ ۋە مۈڭگۈز قىلىپ ھەر خىل ئىنەكلەرنى ياسايدىكەنتۇق. ئىنەكنىڭ بوينىغا باغلىغان يىپ بىلەن ئۇنى سۆرەپ ماڭغۇزاتتىكەن. ئانامنىڭ ئېيتقانلىرى بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى، قارىغاندا بالىلىقى تولىمۇ خۇشال ئۆتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ماڭا كومپيۇتېر ئويۇنلىرىدىنمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

ئۇ كۈنى ئانام نېمە سورىسام جاۋاب بەردى. ئارىلىقتا تېخى ئانچە - مۇنچە سۆزلەپمۇ قوياتتى:

— يازلىق تەتىلدە بوۋاڭنىڭ قېشىغا بارغان بولساڭ، تۇغمەننىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن، مۇئەللىمىڭنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىگەن بولاتتىڭ، بىزنىڭ كومپيۇتېرلىرىمىز يوق ئىدى، بەزى نەرسىلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ چوڭ بولغانمىز.

ئۇنىڭ گېزىت قەغىزىدىن لەگلەكنى قانداق ياسىغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم.

— مەن ئوقۇش قوراللىرى ساتىدىغان يەردىن ئالىمەن لەگلەكنى، — دېدىم.

ئانام جاۋابىنى ماڭا بىر شەيتان لەگلىكى ياساپ بېرىش ئارقىلىق بەرگەن بولدى. مەن بارغانسېرى ھەيران قالدىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئانامغا ئاچچىقىم كېلەتتى، شۇنچە كۆپ نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا دەپ بەرمىدىكىنە! ئەسلىدە مەندىمۇ خاتالىق بار، دائىم كومپيۇتېر دەپ تۇرىۋالىدىغان ھەم كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدىن قوپمايدىغىنى يەنىلا مەنغۇ.

ئانام نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىكەن، لېكىن مېنىڭ خەۋىرىم يوقكەن. تاۋۇزنىڭ شاپىقىدىن كېمىلەر دەمدۇ، ئارچا شاخلىرىنىڭ

ئارىسىغا ياسالغان ئۆيلەر دەمدۇ، كوچىدا ئوينايدىغان ساپال، مۆكۈ-مۆكۈلەك دەمدۇ ئىشقىلىپ بىلمەيدىغىنى يوقكەن.

— ۋاي ۋۇي، سىز نېمانداق يامان ئانا! — دېدىم ئۆز ئۆزۈمگە تولىمۇ خۇشال هالدا.

ئانام بۇرۇنقى ئويۇنلىرىنى، يىقىلىپ چۈشۈپ سۈرۈلۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى، قىلغان جېدەل - ماجرالىرىنى ئېيتىپ ئېيتىپ تۈگىتەلمىدى. ئەسلىدە ئادەم ئويۇن ئوينىغاچ نۇرغۇن ەرسە ئۆگىنىدىكەن، بۇنى مەن ئانامدىن ئۆگەندىم.

ئانام بۇنچىلىك نەرسە بىلگەن يەردە، بوۋام قانچىلىك كۆپ نەرسە بىلىدىغاندۇ؟ «مانا ئەمدى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدىن قوپۇپ كېتىشىمگە سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىلەر پەيدا بولدى» دېدىم ئۆز -ئۆزۈمگە.

دادامنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم. تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئانامنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى بىرەر قۇر دەپ بولۇپ، ئۇنىڭمۇ بالىلىق چاغلىرىدا ئوينىغان ئويۇنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم.

دادام ئوينىغان ئويۇنلىرىنى ئەمەس بەلكى يېزىدا هايۋانلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى:

— بىر كۈنى باغچىدا ئويناۋاتاتتىم، ئانا غاز بالىلىرىنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ يۈرەتتى، بالىلىرى خۇددى سېرىق رەڭلىك يۇڭ توپىقىلا ئوخشايتتى، ئۇلاردىن بىرىنى تۇتۇپ باققۇم كەلدى. شۇ چاغدا ئانا غاز «تىسسسسس» دېگىنىچە ماڭا ئېتىلماسىمۇ، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

دادامنىڭ ئۇ چاغدىكى هالىنى ئويلىغانسېرى كۈلۈپ تېلىقىپ يەردە دومىلاپ كەتتىم. ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە كۈلدى. مەن ئانىلار ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ قانچىلىك مۇهىم، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم هېس قىلدىم. ئۇ كۈنى ئاخشىمى بىزنىڭ ئۆيدە كومپيۇتېر ياكى تېلېۋىزور ئېچىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئوغلاقلار، قوزىلار، تەخەي، موزايلار، تاي، چۈجىلەر پاراتتىن ئۆتتى.

بەك كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، دادام ئانامنىڭ سۆزلىگەنلىرى شۇنچىلىك جەلپ قىلارلىق ئىشلار ئىدىكى، كارۋاتقا چىقىپ يېتىشقا پەقەتلا رايىم يوق ئىدى. ئەمما ئانام ۋەدە بەردى، كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق ئېيتىپ بېرىدىغان بولدى. ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ تۈگەتتىم. ئۇ كۈنى موماممۇ كەلدى. ئۇ يولدا كېلىۋاتقاچ نۇرغۇنلىغان شېغىل تاشلارنى تېرىپ ئالغاچ كەپتىكەن، گېلەمنىڭ گۈللىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ماڭا چاكۇم ئويناشنى ئۆگىتىپ قويدى، بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدىم. كېيىن مومام يەنە باغچىلىق ئۆيدە تۇرغان چاغدىكى خاتىرىلىرىنى ئېيتىپ بەردى:

— ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا بىر ئېرىق بار ئىدى، ئېرىقتىن دائىم سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ئادەتتە يۇز قوللىرىمىزنى بۇ ئېرىقتا يۇياتتۇق. ئۇ چاغدىكى سوپۇنلار چوڭراق ئىدى، سوپۇنلارنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمدىن قىلىپ ئىشلىتەتتۇق. سوپۇننى ئېرىقنىڭ بېشىدىكى ئوت چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا قوياتتۇق. بىر كۈنى قولۇمنى يۇدۇم، لېكىن سوپۇننى ئوت - چۆپ ئارىسىغا قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كەپسىز قاغىدىن بىرسى سوپۇننى ئېلىپ قاچماسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاقىردىم، ۋارقىرىدىم، قوللىرىمنى پۇلاڭلاتساممۇ كارى بولمىدى، ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ يۈرەتتى. ئاخىرىدا ئۇچۇپ كېلىپ ئارچا دەرىخىنىڭ شېخىغا قوندى، دەل ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ تۇرىشىمغا، قاغىنىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن سوپۇن بېشىمغا توككىدە قىلىپ چۈشمەسىمۇ، ئۇ چاغدىكى هالىمنى بىر كۆرگەن بولساڭ...

مومامنىڭ سۆزلىرى تۈگىگەندە مەن يەرلەردە يۇمىلاپ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

بۈگۈن ئاخشام ئانام بىلەن تاماق توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق.

— بىز خامبۇرگ بولكىسى، پىزا دېگەنلەرنى بىلمەيتتۇق. قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتكەندە ئانام يايغان خېمىرنىڭ ئېچىگە شېكەر سېپىپ پىشۇرۇپ بېرەتتى. ئۇ شۇنچىلىك يېيىشلىك ئىدىكى، ئۇنى بىر دېمە. ئەسلىدە بىز يېگەن نانىنىڭ تەملىكلىكى شېكەردىن ئەمەس، بەلكى ئاغزىمىزنىڭ تەمى، كۆڭلىمىزنىڭ گۈزەللىكىدىن كەلگەن. بىر چاغلاردا بىزمۇ بالا ئىدۇق، قوللىرىمىز يېرىلىپ كەتكۈچە لاي ئوينايتتۇق، ئەتتىگەندىن كەچكىچە بىر چەمبەرنى قوغلايتتۇق، ئۇر كالتەكنى تولا ئويناپ قوللىرىمىز قاپىرىپ كېتەتتى، لېكىن تولىمۇ خۇشال هەم ساغلام ئىدۇق. يازدا ئاپتاپتا شۇنچىلىك كۆيۈپ پىشىپ ئويناپ كېتەتتۇقكى، قىشتا هۆتەل زۇكامنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتەتتۇق.

ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ هېچبىرىنى مەن كۆرمىگەندىم. ئەمما شۇ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالغاندىم. ئۇ كۈنلەردە مۇئەللىم تاپشۇرۇق بەرگەن بولۇپ، كارتوندىن ئۆي ياساپ كېلىشىمىز كېرەكتى، تۇنجى قېتىم دادام

بىلەن ئانامدىن ياردەم سورىدىم. لايدىن ئۆي ياساپ، قىلىن بىر كارتون قەغەزنىڭ ئۈستىگە چاپلىدىم، ئۇنىڭ ئەتراپىغا دەرەخلەرنى قويدۇم، ھەتتا شىپىخىدا قاغا قونۇپ تۇرغان بىر تۈپ چىنار دەرىخىمۇ بار ئىدى. ئانام بۇ ئۆيگە گۈلدىن پەردە ياساپ بەردى. بۇ ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر ئۆي بولغانىدى، لايدىن ياسالغان ئۆي. مۇئەللىم بۇ ئۆينى بەك ياقتۇردى ۋە يىل ئاخىرىدىكى كۆرگەزمە ئۈچۈن ئېلىۋالدى. تۇنجى قېتىم بىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدىم.

دادام بىلەن ئانامنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئويۇنچۇقىنىڭ پەقەتلا يوقلۇقى، ھەتتا ھەرخىل ماركىلارنى ئىشلىتىپ ماشىنىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ياسايدىغانلىقىغا پەقەتلا ئىشىنەلمىدىم. ھېيتلاردا رىزىنكە ئاياغلارنى ئېلىپ كىيىدىغانلىقى، يىرتىلىپ كەتكەن يەرلەرنى كونا ئاياغلاردىن كېسىۋېلىنغان پارچىلار بىلەن ياماپ كىيىدىغانلىقىنىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بالىلىق چاغلىرىنى خۇشاللىق ۋە تەبەسسۇم بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنىمۇ ئاجايىپ ھەيران قالدىم. ئەمما ئۆزۈممۇ بۇ خاتىرىلەرنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنى قارار قىلىپ لايدىن ئۆي ياسىغان چاغدا، مەن ھېس قىلغان خۇشاللىقنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

ئۇلارمۇ بىر چاغلاردا بالا ئىكەن، يوقسۇللۇق، يوقچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنىكەن. لېكىن بەختلىك ياشاپتىكەن، كىچىك نەرسىلەردىنمۇ شۇنچىلىك خۇشاللىق تاپالىغانىكەن. ئويۇنچۇقلىرى قىممەت ئەمەسكەن، ئەمما بىباھا مېھىر - مۇھەببىتى بوپتىكەن.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەسما ئىلھام

# ئاياقلىرىڭلارنى تازىلاپ بەرگىلى كەلدىم

(ھېكايە)

مەج خارراھ (ئامېرىكا)

روھىم چىققان ھالدا ئۆيدە پۇتلۇشۇپ يۈرۈپ، چامادانىمغا نېمىلەرنى قاچىلاش ھەققىدە قارار بېرەلمەيۋاتاتتىم.كەچقۇرۇندا مىننېسوتادىن تېلېفون كېلىپ، ئىنىم، ئىنىمنىڭ ئايالى، ئايالىنىڭ ھەدىسى ۋە ھەدىسىنىڭ ئىككى بالىسى بىراقلا ھادىسىگە ئۇچراپ، قازا قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە ئاپام «قانچە تېز قايتساڭ شۇنچە ياخشى» دەپ ماڭا يالۋۇرغانىدى.

مەنمۇ دەل شۇنداق قىلىشنى، ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغا تېزرەك قايتىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئەمما بىز باشقا بىر شتاتقا كۆچۈش ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، نەرسە كېرەكلىرىمىز يەشىكلەرگە يېرىم-ياتا قاچىلانغان، نېمىنىڭ نەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەكمۇ تەس ئىدى. بەزى كىيىم-كېچەكلەر بىر چەتتە يۇيۇش ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان، كەچلىك تاماقنىڭ قاچا-قۇچىلىرىمۇ يۇيۇلمىغان، بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ھەريەردە چېچىلىپ ياتاتتى. يولدىشىم لەررى بىزگە ئەتە سەھەر ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتى ئالغىلى ئولتۇرغاندا، مەن ئۆيدە مەقسەتسىز، ئۇيان-بۇيان مېڭىپ، ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ ، ھېچ دىققىتىمنى يىغالمايۋاتاتتىم. قۇلىقىمدا ھېلىراق ئاڭلىغان سۆزلەر تەكرار-تەكرار ياڭراپ تۇراتتى. «بىل كەتتى، مەرلېن، جۇن ۋە بالىلار...».

بۇ خەۋەر گويا مېڭەمنى پاختىغا توشقۇزىۋەتكەندەك، لەررىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىمۇ شۇنچە يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆيدە ھېلى ئىشىككە، ھېلى ئورۇندۇققا پۇتلۇشۇپ، ئۆزەمنى تاپالمايۋاتاتتىم.

لەررى ئەتىسى ئەتىگەن سائەت يەتتە بىلەن يولغا چىقىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر قانچە دوستلىرىمىزغا تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئارىلاپ بەزى دوستلار مەن بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تېلېفون ئاچاتتى ۋە «مەن قىلغىدەك بىر ئىش بولسا چوقۇم دېگىن» دەپ، ياردەمدە بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشەتتى. مەنمۇ چىرايلىقچە «رەھمەت، كېرەك بولسا دەيمەن» دەيتتىم -يۇ، قانداق ياردەمگە ئېھتىياجىم بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، دىققىتىمنى پەقەتلا يىغالمايۋاتاتتىم.

لەررى دوننا كىڭغا تېلېفون قىلىۋاتقاندا، مەن ئورۇندۇقتا، بىر بوشلۇقتا تىكىلگەنچە ئولتۇراتتىم. دوننا بىلەن مەن چېركاۋدا ھەر يەكشەنبە كۈنى،

www.uyghurkitap.com

يەسلى باللىرىمىزغا دەرس بېرەتتۇق. بىز ئادەتتىكى دوستلاردىن بولۇپ، بەك كۆپ كۆرۈشۈپمۇ كەتمەيتتۇق. ھەپتەئارىلىقىدا، دوننا بىلەن ئېمېرسون، دونناننىڭ ئورۇق،كەمسۆز يولدىشى، ئۆزلىرىنىڭ «يەسلى» سى بىلەن ئالدىراش بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئىككى ياشتىن ئونبەش ياشقىچە بولغان ئالتە بالىسى باردى. لەررىنىڭ دونناننى ئالدىمىزدىكى يەكشەنبىدە، دەرسنى يالغۇز ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەندۈرگىنىدىن خوش بولدۇم. شۇ ئارىدا قىزىم مېگان قولىدا بىر توپنى تۇتقان ھالدا يېنىمدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى، ئوغلۇم ئېرىكمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. بۇلار ئۇخلىشى كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن مېھمانخانىغا كىردىم. پۈتلۈرۈم سۆرىلىپ، قوللىرىمغا قوغۇشۇندىن پەلەي كىيگۈزۈپ قويغاندەكلا بىلىنەتتى. مەن روھسىز بىر ھالدا ئۆزۈمنى سافاغا تاشلىدىم. ئىشىك قوڭغىرىقى چېلىنغاندا، ئۆزۈمنى تەستە تۇرغۇزۇپ، سۆرۈلۈپ دېگۈدەك بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا ئېمېرسون كىنىڭ تۇراتتى.

– مەن ئاياقلىرىڭلارنى تازىلاپ بەرگىلى كەلدىم،– دېدى ئۇ. مەن چۈشەنمىدىم:

–ھە؟– دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىشنى ئۆتۈندۈم.

– دوننا بۈۋىقىمىزغا قارىمىسا بولمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ سىلەرگە ياردەم قىلغىمىز بار. دادام تۆگەپ كەتكەندە، باللارنىڭ ئاياقلىرىنى تازىلاپ، پاقىرىتىپ، ئەتىسىدىكى دەپنە مۇراسىمىغا ئۈلگۈرتۈش ئۈچۈن سائەتلەپ ۋاقىت سەرپ قىلغىنىم ئېسىمگە كېلىپ، شۇ ئىشنى قىلغىلى كەلدىم. ماڭا ئاياقلىرىڭلارنى بېرىڭلار، ياخشىلىرىنىلا ئەمەس بەلكى ھەممىسىنى.

ئاياقلار ھەققىدە ئويلىغىدەكمۇ بولماپتىكەنمەن تېخى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن، ئېرىكنىڭ يەكشەنبىلىك مۇراسىمدىن كېيىن، مېھمانلىق ئايىغى بىلەن پاتقاق كېچىپ ئوينىغانلىقى، مېگاننىڭمۇ ئىنىسىدىن قېلىشماي، تاشلارغا تېپىپ، ئايىغىنىڭ تۇمشۇقلىرىنى مەينەت قىلغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئۆيگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى كىيىۋېلىش ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، تېخى تازىلىغىدەك بولمىغانىدىم.

ئېمېرسون ئاشخانا ئۆيدە گېزىتنى يەرگە يېيىپ تەييارلىنىۋاتقىنىدا، مەن لەررىنىڭ مېھمانلىق ۋە ئادەتتىكى ئاياغلىرىنى، ئۆزۈمنىڭ تۇز ۋە پاشنىلىق ئاياغلىرىمنى،باللارنىڭ مەينەت بولغان مېھمانلىق ئاياغلىرى ۋە يېمەك يۇقى بولغان تەنتەربىيە ئاياغلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغدىم. ئېمېرسون بىر داسقا پارشوك سېلىپ، سۇ تولدۇردى. ئۇ تارتمىدىن بىر كونا پىچاقنى ۋە قول يۇيۇش كۆلچىكىنىڭ ئاستىدىكى ئىشكاپتىن بىر بۇلۇت يۇغۇچنى تېپىپ چىقتى.لەررىمۇ بىر نەچچە يەشىكنى ئىزدەپ يۈرۈپ، چوتكىنى تاپتى.

ئېمېرسون يەردە ئولتۇرۇپ، ئىشنى باشلىدى. ئۇنىڭ دىققەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئېسىمنى يىغىشقا باشلىدىم. «ئالدى بىلەن كىرنى يۇيۇشقا سالاي» دېدىم ئۆزۈمگە. كىرئالغۇ چۆرگىلەشكە باشلىغاندا، لەررى ئىككىمىز باللارنى يۇيۇپ ياتقۇزدۇق. بىز كەچلىك تاماقنىڭ چىنە-قاچىلىرىنى يۇيۇپ جايلاشتۇرىۋاتقاندا، ئېمېرسون جىم-جىت ئولتۇرۇپ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ھەركەتتە ئىپادىلەنگەن مېھرى-مۇھەببەت ئاخىر تاشالماي تۇرغان كۆز ياشلىرىمنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ، مېڭەمدىكى تۇماننى شاپائەت يامغۇرى بىلەن يۇيۇپ تاشلىدى. مەن ئويلاش ۋە ياشاش ئىقتىدارىمنى قايتىدىن تاپقاندەك بولدۇم. ئىشلار بىر بىرلەپ ئۆز يولىغا كىرىشكە باشلىدى. مەن كىريۇيۇش ئۆيگە كىرىپ، يۇيۇلغان كىرلەرنى قۇرىتىشقا قويۇپ چىقسام، ئېمېرسون كېتىپ قاپتۇ. پارقىراپ كەتكەن ئاياغلىرىمىزنى تامغا يېقىن بىر قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇپتۇ. كېيىن چامادانني قاچىلاشقا باشلىغاندا، ئېمېرسوننىڭ ئاياغلارنىڭ تاپانلىرىنىمۇ پاكىز تازىلاپ، ئۇلارنى چامادانغا بىۋاستە سالغىدەكلا قىلىپ قويغىنىنى كۆردۈم. بىز كەچ يېتىپ، سەھەر بولا بولماي تۇردۇق، ئەمما ئايرىدرومغا ماڭغىنىمىزدا، ھەممە ئىشلار پۈتۈپ، تەق بولغان ئىدى. ئالدىمىزدا كۆڭۈلسىز كۈنلەر بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، جىمغۇر بىر ئىنساننىڭ ئاشخانىمىزدا بىر داس سۇنى يېنىغا قويۇۋېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالىتى ماڭا تەڭرىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ماڭا كۈچ بېرىپ تۇرىدىغىنىغا ئىشىنىمەن.

مانا ئەمدى بىرەر تونۇشلىرىم يېقىنلىرىدىن ئايرىلسا ھەرگىز «ياردەم قىلغىدەك ئىش بولسا» دېگەندەك گەپلەر بىلەن توختاپ قالماي، شۇ كىشىگە ماس بولغان، ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنى يۇيۇپ بېرىش، ئىتىنى ياتاقلىق بېقىش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىش ياكى ئۆلۈم جەريانىدا زۆرۈر بولسا ئۆيگە قاراپ بېرىش دېگەندەك بىرەر كونكرېت ئىشنى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي ياردەم قىلىشقا تىرىشىدىغان بولدۇم. ئەگەر مەندىن «بۇ ئىشقا ئېھتىياجىم بارلىقىنى نەردىن بىلدىڭىز؟» دەپ سورىسا، «چۈنكى بۇرۇن بىر كىشى بىزنىڭ ئاياغلىرىمىزنى تازىلاپ بەرگەنىدى،» دەپ جاۋاپ بېرىمەن.

**ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدۇز تېلمان**

# ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوبرازى

زۇلھايات ئۆتكۈر (شىۋىتسىيە)



جون.تۆرنكىۋىست(John Törnquist) ئىلگىرى قەشقەر، لاسا،كابۇل قاتارلىق جايلارغا مىسسىيونېرلىق سالاھىيىتى بىلەن بارغان، شۋېتسىيەلىك مىسسىئونېر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا 1904 - يىلى سېنتەبىردە تۇنجى سەپىرىنى باشلاپ، 1911 - يىلى 6 - مايغىچە قەشقەر ۋە يەركەنلەردە تۇرغان. ئىككىنچى قېتىم 1912 - يىلى 26 - ئۆكتەبىردە يەنە قەشقەرگە كەلگەن.


قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا بىۋاستە ھەر كەسىپ، ھەر قاتلامدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، مىسسىئونېرلار پونكىتىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ۋە دوختۇرخانا ئېچىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1926 - يىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئاساسەن يېزىلغان«قەشقەر» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

تۆۋەندە مەن بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان بەزى مەزمۇنلار ۋە 1917 - يىلى نەشر قىلىنغان مىسسىئونېرلارنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن يېزىلغان يەنە بىر كىتاب «ئەگرى توقاي يوللار-شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 يىل» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى ھەققىدە بايان قىلىنغان نۇقتىلارنى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

ۋېنېتسىيەلىك سودىگەر، دۇنيادىكى داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بىرى ئاتالغان ماركو پولو ئۆز خاتىرىسىدە، قەشقەرنىڭ تارىختا پايتەخت بولغانلىقىنى، خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىگەرچىلىككە تايىنىپ ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ زېمىندىن ناھايىتى داڭلىق سودىگەرلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك بارغانلىقىنى ۋە قەشقەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن 50 كۈن كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندى.

شۇندىن كېيىن قەشقەر تۇرغۇنلىغان ئەجنەبىيلەر كارۋانلىرى كېلىپ –كېتىپ تۇرىدىغان جايغا ئايلاندى. جون تۆرنكىست «قەشقەر» ناملىق كىتابىدا شۇ ۋاقىتتىكى ئاتاش ئۇسۇلى بويىچە «تۈركلەر» ياكى «مۇھەممەتلەر» دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرى ۋە يۈرۈش تۇرۇشىنى خىتايلار ۋە موڭغۇللار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەسۋىرلىگەن.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەر، دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى




*رەسىمدە: قەشقەرلىك دېھقان بالىسى*

ئىنچىكە كۈزىتىپ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشقا تىرىشقان. بۇ كىتابتا ئاپتور يەنە ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېرلىرىنى ئۆزىنىڭ كۈزىتىش نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

قويغان.

**كەسپى - سودىگەر، تەبىقىسى - موللا يەنى ساۋاتلىق كىشىلەر:** ئوتتۇرا بويلۇق، قول پۇتلىرى بەك يوغان ئەمەس، بىلەكلىرى كۈچتۈڭگۈر ئەمەس. مۈرىسى تار كەلگەن بولۇپ، ئەگەر يېپىنچىسى بەدەن مۇسكۇللىرىنى تولۇق ئوراپ يوشۇرۇپ تۇرمىغان بولسا، بەلكى ۋىجىك دەپ جەزىملەشتۈرەتتۇق. چاچ چۈشۈرۈلگەن بېشىغا ئاق سەللە يۆگەيدۇ، ئەگەر چېچىنى ئۆستۈرگەن بولسا چوقۇم قارا ۋە قاتتىق كەلگەن تۈز چاچ ئۆسكەن بولاتتى. ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ بولۇپ، ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغىلا ئۆسكەن، پېشانىسى كەڭ بولۇپ، يۈزلىرى بىراز كەڭرەك كەلگەن، ياڭاق سۆڭكى بىراز پولتىيىپ چىققان، كۆزى بىراز قىسىق كېلىدۇ.كالپۇكلىرى نېپىزرەك، چىشلىرى رەتلىك كېلىدۇ، يۈز تېرىسى



رەسىمدە: غەربچە ئورۇندۇقتا تەستە ئولتۇرىۋاتقان قەشقەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى سودىگەرلەر

ساغۇچراق كېلىدۇ.

كىيىم -كېچەك جەھەتتە راھەت، كەڭتاشا كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىدۇ: ئىشتان بىلەن سۇس رەڭلىك يەكتەك، كۆپىنچە ئاق رەڭلىك يەكتەكنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىدۇ. يەكتەكنىڭ بەل قىسمىغا رەڭلىك رەختلەردىن تىكىلگەن پوتا باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يەڭلىك تون كىيىۋالىدۇ. ئەرلەر ئاساسەن قېنىق رەڭلەردىكى تون كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. بېشىغا قىرلىق ياكى قىرسىز كەلگەن قارا، كۆك، يېشىل ياكى قىزىل رەڭلىك دۇخاۋا دوپپىلارنى ياكى كەشتىلىك دوپپىلارنى كىيىدۇ. دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئاق رەڭلىك سەللە ئورايدۇ. دوپپىسى ئادەتتە سەللىنىڭ ئىچىدىن بىراز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاياق قىسمىغا بولسا، چەمى نېپىز كەلگەن، پاشنىسىز، يۇمشاق خۇرۇمدىن ئەشلەنگەن خۇرۇم ئۆتۈك كىيىدۇ، سىرتقا چىققاندا ئۆتۈكنىڭ سىرتىغا رېزىنكە كالاچ كىيىۋالىدۇ ۋە ئۆيگە كىرگەندە كالاچنى سېلىۋېتىدۇ.

كىشىلەرگە سالام قىلغاندا «سالام» دەپ قول بېرىپ، كەينىدىن ساقىلىنى سىلاپ قويىدۇ. ئاندىن «تىنىچ تۇردىلامۇ؟» دەپ ئاستا سورايدۇ. خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا باشقىلارغا «كېتەرمەنمىكىن» دەيدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئالدىدا ئۆزارا يېنىك كىرىشتۈرۈپ، بىراز ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلىپ «خوش» دەيدۇ. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇتىغا كالىچىنى سېپىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئېگىلىپ سالام قىلىپ، ئاستا قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقىدۇ. باشقىلارمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنى ئۇزىتىپ تالاغىچە چىقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بىرقانچە قېتىم ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، كەينىچە بىرنەچچە قەدەم ئېلىپ، ئاندىن يەنە ئۆرۈلۈپ ئالدىغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

خىتايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ساددا، باللىق مىجەزىدىن كەتمىگەن، ئىشقىلىپ يىغىنچاقلىغاندا چىقىشقاق كېلەتتى. ھەتتا داموللىلار ۋە بايلارنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئالامەتلىرىمۇ بىردەمدىلا غايىپ بولاتتى. مىجەزى سەزگۈر ۋە سەپرا بولۇپ، بىردەمدىلا قىزىشىپ، يەنە بىردەمدىلا ئەپلىشىپ قالاتتى. مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق بولۇپ،ئۇلاردا خىتايلاردىكى تەمكىنلىك يوق ئىدى. خىتاي خوشنىلىرىغا قارىغاندا، ناتونۇش كىشىلەرگە شۇنچە ئەدەپلىك ۋە چىقىشقاق مۇئامىلىدە بولاتتى.خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەجنەبىلەر ئەگەر قونۇشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى تۇرغان يەردە ھەرگىزمۇ بىر خىتاينىڭ ئۆيىدە قونمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ياكى خىتايلار ھەققىدە كۆپ مەلۇماتى يوق بىرى، ئۇيغۇرلار ياكى خىتايلاردىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلىپ قالسا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇيغۇرلارنى تاللىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشىگە ھۇزۇر ۋە راھەت ھېس

قىلدۇرالايتتى.

قەشقەر ئۇيغۇر ئەرلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تەققى-تۇرقى كېلىشكەن ۋە كۈچلۈك، ئىچكى دۇنياسىنى بىۋاستە ئىپادىلىمەيدىغان، ئۆزىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرمايدىغان، ئارىسالدى مىجەزلىك خاراكتېرگە ئىگە.

قەشقەر ئۇيغۇر ئەرلىرى خىتايلارنىڭ سوغۇق ۋە ھەممە ئىشتا چوت سوقىدىغان ئىدراكىيلىقىدىن ياكى ھىندىلارنىڭ يىغلامسىراپ تۇرىدىغان مېدىتاسىيونلىرىدىن خالىي بىر خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئاسىيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە باشقىلارنىڭ شەخسىي ئۈچۈرلىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتا ئەرەبلەردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەت ئىدى.

قەشقەر ئۇيغۇر ئاياللىرى بولسا ئەجنەبىلەرنىڭ نەزەرىدە خۇدا تەرىپىدىن كۆڭۈل قويۇپ يارىتىلغان ئىنسان ياكى نەپىس بىر سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى قەشقەر ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن گۈزەللىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يىگىرمە مېتىر يەردىن سىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. بۇ گۈزەللىك ئىككى مېتىر يەردىن قارىغان گۈزەللىككە قارىغاندا بەكرەك كىشىنى جەلپ قىلاتتى.

ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە كەلسەك، ئەرلەرنىڭ سەللىسىدىن باشقا كىيىم –كېچەكلىرى قارىماققا



ئوخشىشىپ كېتەتتى. قەشقەر ئۇيغۇر ئاياللىرى بېشىغا، كەشتىلىك چىرايلىق دوپپىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن ئاق لېچەك ئارتىدىغان بولۇپ، نىكاھلىق ئاياللار ئوشۇقىغىچە كېلىدىغان لېچەك ئارتىدۇ ۋە پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ تۇرۇش ئۈچۈن، بېشىدىن تارتىپ ئوشۇقىغىچە لېچەك بىلەن تولۇق ئورۇنىدۇ. بۇ بىر خىل نېپىز داكىدىن تىكىلگەن راھەت لېچەك ئىدى ۋە ئاياللارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. ھىندىستان داكىسىدىن تىكىلگەن تۆت چاسا لېچەك بەھرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىل پۈتۈنلەي كەشتىلىك گەردىش دەپ ئاتىلىدىغان لېچەك بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئارتىدۇ. يۈزىگە قىسقا بىر چۈمبەردە ياپىدۇ، ئادەتتە لېچەكنىڭ رەڭگىگە ئوخشىمايدىغان رەڭدە بولىدۇ. قەشقەر ئۇيغۇر ئاياللىرى باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى ئاياللارغا ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىنى ئورىمايتتى. ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۆرۈيدىغان بولۇپ، چاچنىڭ ئۆرۈملىرى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە گۈزەل ھېسابلىناتتى. چاچلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ھەم توم بولۇشىنى خالايدىغانلار، كۆپىنچە ھاللاردا كالىنىڭ قۇيرۇقىدىن تاللىرىنى ئايرىۋېلىپ ئۇنى چاچلىرىغا قوشۇپ يالغان ئۆرۈمە چاچ سېلىۋالىدۇ.چاچ تارىغاندا سىلىق ۋە رەتلىك بولۇشى ئۈچۈن جىگدە دەرىخىدىن يېلىم ئېلىپ چاچلىرىغا چاپىدۇ. ئەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا كىيىم –كېچەكلىرىگە زىبۇ –زىننەت تاقايدۇ ۋە ئوچۇق رەڭلىك رەڭلەردە كىيىنىشنى ياقتۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا 19 ـ 20- ئەسىرلەردە ئالتىشەھەر رايونىدا ئاياللارنى مەزلۇم دەپ ئاتاش ئومۇملاشقانىدى. مەزلۇم ئەرەپچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بوزەك قىلىنغان، ئېزىلگەن دېگەن مەنىلىرى بارىدى. كېيىن 90 ـ يىللاردا بۇ خىل ئىپادىلەشنىڭ پەقەتلا ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغان ئاياللارغىلا قارىتىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، بايلارنىڭ ئاياللىرى «ئايىم» ، ئۇلارنىڭ قىزلىرى «خېنىم» دەپ ئاتىلىدۇ. داموللىلارنىڭ ئاياللىرى قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا «ئاپپاق»، «ئاغىچا» دەپ ئاتىلىدۇ. ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ، مەدرىس خەلپەتلىرىنىڭ ۋە موللىلارنىڭ ئاياللىرى «قۇشناچ» دەپ ئاتىلىدۇ.


قەشقەر ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندا،كىشىگە ئولتۇرۇش، يۈرۈش-تۇرۇشتا ناھايىتى نەپىس ۋە سىلىق –سىپايە بىر تەسىر بېرىدۇ. كۆپىنچە تېتىك، سۆزمەن، ئەقىللىق دەپ تەرىپلىنىدۇ. لېكىن ئۇزاقراق ئارىلاشقاندىن كېيىن يەنە بۇ خىل خاراكتېرنىڭ تېگىگە يېتەلەيسىز.

ئادەتتە، ئەرلەرنىڭ مىجەزىنىڭ قوپال، ئاچچىقى يامان بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىختىيارى ئەمەس دەپ يەكۈن چىقىرىلىدۇ. لېكىن پەرىشتە سۈپەت خانىم قىزلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە بۇ جەھەتتە ئەرلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغىنى كۆپ كىشىلەرگە مەلۇم بولمىسا كېرەك. قەشقەردە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىر بىرى بىلەن سوقۇشۇپ، چاچلىشىپ تۇرىدىغان ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئارىغا 7-8 ئەر كىشى چۈشۈپمۇ ئۇلارنى ئاجرىتالمايدۇ. ئاغزىدىن بارلىق سەت گەپلەر تۆكۈلىدۇ-دە، قاغاپ، تىللاپ پۇخادىن چىقىشىدۇ. چايان ئادەتتە دۈشمىنىگە يېڭىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغاندا ياكى يارىلانغاندا، بەدىنىدىن بىر خىل زەھەرلىك ماددا چىقىرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالارمىش. قەشقەر ئاياللىرىمۇ سوقۇشۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ بۇرنىنى ياكى قۇلىقىنى كېسىۋېتىدىغان ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى قارشى تەرەپتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياكى قارشى تەرەپنى ئېچىندۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.

قەشقەر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بىچارە، ھېسداشلىق قوزغايدىغان خاراكتېرىدىن باشقا يەنە چۈمبەلىنىڭ كەينىدە باشقىچە خاراكتېرلىرىمۇ باردى. يۇقىرى تەبىقىدىكى باي ئاياللار بۇ خىل يۇۋاش-يۇمشاق مىجەزلىك ئاياللارنىڭ ۋەكىلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بارلىق ئاياللارنىڭ مىجەز—خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. ئىسلام دىنىدا



*سۈرەتتە: چىش ئاغرىقىغا دەرەختىن شىپا تىلەۋاتقان روياش ئايالىلار*

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قوغداش، بېقىش مەجبۇرىيىتى بولۇپ، قەشقەر ئاياللىرى بۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلانغان بولۇپ، بەزىدە قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تۇرۇپ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلەرگە قارىغاندا تولىسى ساۋاتسىز ۋە خۇراپىيلىقى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ نۇقتا دەل ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدۇر. بەزى موللىلار قىز-ئاياللار ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇپ قالغان چېغىدا، ئەركىنلىك ئىدىيەسى باش تارتىپ، ئەرلىرىگە ياكى ئاتا-ئانىلىرىغا بوي سۇنمايدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن قىزلارنى كۆپ ئوقۇتمايدۇ.

قەشقەر ئەرلىرى ۋە قەشقەر ئاياللىرىغا ئورتاق بولغان بىر سۈپەت بولسا، يالغان سۆزلەش ۋە ئەدەپسىزلىكتۇر. كۆڭۈل ئاغرىقى ياكى زىيان تارتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك كېرەك دەپ ئويلايدۇ ۋە بىر —بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئوچۇق ئاشكارا يالغان سۆزلەش ۋە ئوغرىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بەك چوڭ پرىنسىپال ئىشلار ئەمەس ئىدى. سەممىي بولغانلار دۆت دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرى ھەتتا دىنغىمۇ ياتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئالدامچىلىق قىلىدۇ. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئادەم تىللايدىغان سۆزلىرى ھەققىدە داڭلىق تىلشۇناس گۇننار ياررىڭنىڭ توپلىغان ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن: پوق ساقال ئوغرى، شورپىچى، خوتۇن تالاق ھايۋان، داپيۇز، نارىسىدە قىزنىڭنى پالان قىلاي، ئوتانچى، ھاممال، ھاراقكەش قاتارلىق دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئاڭلىغىلى بولمايدىغان سۆزلەر بىلەن ئادەم تىللايدىغان بولۇپ، ئاياللار بىر بىرى ئۇرۇشۇپ قالغاندا «ئەر ياراتمايدىغان جالاپ» دەپ تىللىشاتتى.

باللىرىنى ئەركىلەتكەندە بەزىدە «ھوي جىن» دەپ ئەركىلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ باللىرىنى «ئوغرى»، ياكى «جىن» دەپ چاقىرىشى «يامان كۆزلەردىن» ساقلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇيغۇرلاردا كۆز تېگىدۇ دەيدىغان قاراش بولۇپ، باللارغا مەينەت، كونا كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قويۇش، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ قويۇش، تۇمار ئېسىپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولىدۇ. ئۆيگە مېھمانلار كېلىپ باللىنى كۆرۈپ كەتكەندىن كېيىن، «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، ئاغزى يامانىنىڭ ئاغزىدىن ساقلا» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

**دېھقانلار تائىپىسى:** ئاللاھ مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنىڭ ئىختىراچىسىدۇر. بۇ خىل مۆجىزىلەرنىڭمۇ تەڭداشلىرى ۋە تەڭداش بولمىغانلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىر توغراق دەرىخىنى مىسالغا ئېلىپ سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن چۈشەندۈرىدىغان بولساق، دېھقانلار ئۇبرازى خۇددى توغراق دەرىخىنىڭ چىدامىلىق ۋە مەزمۇت قوۋزىقىغا ئوخشايدۇ. جاپا تارتقان، يۈزلىرىنى

قورۇق باسقان، ئاپتاپ نۇرىدا كۆيگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى تىرىشچان ۋە جاپاغا چىداملىق كېلىدۇ. ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلغاندا قارايغان قوڭۇر رەڭلىك بەدەنلىرىگە كۆپ كىيىم كىيمەيدۇ،ئالدى ئوچۇق يەكتەكلا كىيىدۇ، سەللىمۇ يۆگىمەيدۇ.

ئەمما بازارغا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساتقىلى ئېلىپ كىرگەندە بېشىغا سەللە يۆگەيدۇ ۋە ئاياغلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن، ئېغىر تونلارنى كىيىدۇ.ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ساۋاتسىز بولۇپ، بىلىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي ساۋاتلاردىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. بۇ خىل بىلىمسىزلىك ئۇلارنى ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان، خۇراپىيلىقتا ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنچسىز بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.



سۈرەتتە : ئاتا - بالا سودىگەرلەر

**سودىگەرلەر تائىپىسى:** سودىگەرلەر تائىپىسى بولسا، قەشقەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى سانىلاتتى. قانچە باي بولغانسېرى شۇنچە گېپى ئۆتىدىغان ۋە ئىمتىيازلىق كىشىلەر سانىلاتتى. ئۇلارنى باشقىلارنىڭ قېنىنى شوراش ھېسابىغا باي بولغان بايلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى نومۇسچان، ئۆزىنى سورايدىغان بولۇپ، ئازراق پايدىغا شۈكرى قىلىدۇ.سودىگەرلەر تائىپىسى ھۈنەرۋەنلەر تائىپىسى بىلەن ئەپ ئۆتەتتى.

**ھۈنەرۋەنلەر تائىپىسى:** ھۈنەرۋەنلەر تائىپىسى بولسا كۆپىنچە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىدى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ سودىگەرلەر چىقاتتى. ئەجنەبىلەر ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا رازىمەنلىك بىلەن مەمنۇن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سودىگەرلەرنى توغراق دەرىخىنىڭ مۇئەسسەگە ئوخشاتساق، بەزىدە مۆلۈك دەرەخ مېۋە بەرمىگىنىدەك، سودا ئىشلىرىمۇ يۈكسەلمەي، ئىشلەپچىقىرىش ئىزىدا توختاپ قالغان ھالەتتە قالغان. بۇلارنىڭ سەۋەبى شەخسىيەتچىلىك ئېغىر بولۇپ، چاڭگىلىدىكى پۇلنىڭ باشقىلارنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىماسلىق نورمال سودا ئوبوروتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەدەپسىزلىك خاھىشلىرى ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقلىرىنى بىخلاندۇرۇپ، باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلىش ئېڭىنى ۋەيران قىلىدۇ، شۇڭا شىركەت قۇرۇش قاتارلىق ئىلغار سودا ۋاستىلىرى كۆپ ئومۇملاشمىغان. ئەكسىچە ئۆز يادروسىنى چىڭداش ئەۋج ئېلىپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئومۇملاشمىغان.

توغراق دەرىخىنىڭ گۈزەل ئىسمى ۋە ھۆسۈن قوشۇپ تۇرغان يوپۇرماقلىرى بىلەن بىرلىكتە كىشىنى راھەتسىز قىلىدىغان بىر خىل پۇرىقى بار.ئاخىرىدا جەمئىيەتتىكى دىۋانىلەر، بىكار تەلەتلەر، جازانىخورلار ۋە بۇزۇقلار دەل بۇ سېسىق پۇراققا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇلار دائىم جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئەپيۇنكەش ۋە نەشىكەشلەر، نەشە ساتقۇچىلار، قىمارۋازلار بولۇپ ئەر–ئايال ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.بۇلارنى ئاللاھ ياكى پۇقرالار ھېچكىم راۋا كۆرمەيتتى.

مېنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىمچە، بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمىلەر ھەممىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن شەكىللەنگەن. خىتايلار ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرنى خۇددى «سىبىرىيە»گە ئوخشاش خىتايدىكى جەمئىيەت داشقاللىرىنى پالايدىغان، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان رايونغا ئايلاندۇرغانىدى. ئامېرىكىلىق ئوۋېن لاتىمور «جۇڭگونىڭ فرونتى ئىچكى ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا «قەشقەرنىڭ ھەممە يېرىدە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن قىمارۋاز، ھاراقكەش ۋە بۇزۇقلارنى كۆرگىلى بولاتتى، خىتايلارنىڭ سانى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 5-10% نى ئىگىلەيدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ.» ھەتتا گېرمانىيەلىك ئېتنوگراف ۋە شەرقشۇناس ئالبېرت ۋون لېكوك بىلەن شۋېتسىيەلىك مىسسىئونېر جون تۆرنكىست قەشقەردە ئۇچراشقاندا خىتايلارنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش

www.uyghurkitap.com

ئوتلىرىنى ئەپيۈن چېكىش ۋە ھاراق ئىچىش قاتارلىق يامان ئادەتلەر بىلەن بېسىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ۋە بۇ خىل يامان ئىللەتلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئېغىپ كېسەل بولۇپ تارقالغانلىقى، باشقىلارغا يۇقتۇرىشىدىن كۆپ ئەنسىرىگەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. فىنلاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى مانىېرخېيممۇ يەركەتتىكى خىتاي ئەسكەر بازىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، خىتاي ئوفېتسېرلارنىڭ ھۆكۈمەت پاراۋانلىقىنى ئۆزىنىڭ كەيپ ساپا ئىشلىرىغا قوللانغانلىقىنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردە ئەپيۈن تېرىلمايتتى، ئافغانىستاندا تېرىلغانلىرىنى روسىيە ئارقىلىق خىتايغا ئەكەلدۈرەتتى. شۇڭا بۇ خىل يامان ئىللەتلەر خىتايلار بىلەن بىرلىكتە بۇ زېمىندىكى خەلقنى زەھەرلىگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.


19 - ئەسىردە قەشقەرگەكەلگەن ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ياڭخازبېنت ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ھورۇنلۇق ۋە پاسسىپلىقنى جەمئىيەتتىن كۆرىدۇ. چۈنكى كىشىلەر تىرىشچانلىق كۆرستىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى. ئۇلار ئاشۇ خىل، تېنچ، خاتىرجەم ھاياتتا ياشاشنى بەخت دەپ قارايتتى شۇنداقلا ئاھالىنىڭ شالاڭ بولۇشىمۇ يەنە بىر تۈرلۈك سەۋەبى دەپ قارايتتى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئالغا ئىلگىرلىتىدىغان كۈچمۇ يوق ئىدى.


**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

Mission and Revolution in Central Asia The MCCS Mission Work in Eastern Turkestan 1892-1938 by John Hultvall
Owen Lattimore, «Inner Asian Fronters of China» 1935, p. 114
John Törnquist , 1926 «قەشقەر»
På Obanade Stigar «-25 år I Öst-Turkestan>>
زۇلھايات ئۆتكۈر،«شۋېتسىيەدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى ھەققىدە»، ئۇيغۇر تەتقىقات ژۇرنىلى 2015 - يىلى 5 -سان



رەسىمدە: ئاتا، بالا، نەۋرە بىر ئائىلە ۋە خىزمەتچى





فوتو سۈرەتلەرنى مىسسىئونېر جون تۆرنكۋىست تارتقان (1926)



# خاسىيەتلىك قەغەز ۋە مەن

تۇرسۇنجان ھامۇت

بۇ ئەسەر تۇرسۇنجان ھامۇتنىڭ «خوتەن قەغىزى، <باھار>نىڭ يەنە كېلەمدۇ؟» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى ئاساسىدا قىسقارتىپ يېزىلدى.

مەن 91 ياشلىق توختى باقى تۇردى بولىمەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيەسىگە تەۋە پۇرچاقچى يېزا بۇدا كەنتىدىن. مەن ئاز كەم بىر ئەسىرلىك ئۆمرۈمدە ئاتا-بوۋامدىن ماڭا مىراس قالغان خوتەن قەغىزىنى ياساش ئىشىنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم، مەن بۇ ھۈنەرنىڭ ئونىنچى ئەۋلات ۋارىسىمەن. كىشىلەر بۇ قەغەزنى سېتىۋالسۇن ياكى سېتىۋالمىسۇن، مەن ئاتامنىڭ «بۇ ھۈنەرنى تاشلىۋەتمە» دېگەن ۋەسىيىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلدىم. مەن تېخى خوتەن شەھىرىنىمۇ تولۇق ئايلىنىپ چىقمىغاچقا، خوتەن شەھىرىدە يالغۇز يۈرسەم، بەلكىم يولدىن ئېزىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، مەن بىر كېچىدىلا دۇنياغا مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىپ، ئۇ قىتئەدىن بۇ قىتئەگە ئۇچۇپ يۈردۈم. مانا بۇ ئاتا ھۈنىرىنىڭ بەركىتى ۋە خاسىيىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

36 - نۆۋەتلىك مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش سەنئەت بايرىمىدا دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ساقلاپ قالغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتىم. دېمەك مەن خوتەن قەغىزىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنىڭ تىرىك شاھىدى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەۋەرۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنىشنىڭ ئۈمىد نۇرىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ تەۋەرۈك قەغەز مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇلدى. مەن ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ پاراستىگە قايىل مەن، ناۋادا ئۇلار بولمىغان بولسا، دۇنيا خەرىتىسىدىكى بىر تال قارا چېكىتچىلىكمۇ بولمىغان بىر كەنتتىكى مەندەك يېشى يۈزگە بېرىپ قالغان، ياشانغان توختى باقى تۇردىنى ھېچكىممۇ ئېسىگە ئالماس بولغىيتتى. ھازىر بىرەرسى «خوتەن قەغىزى» دېسە، دەرھال «توختى باقى تۇردى» دېگەن ئىسمنى تىلغا ئالىدۇ. مېنى ئامرىكىدىن دەمدۇ، ئەنگلىيەدىن دەمدۇ، ئىشقىلىپ سانسىزلىغان

www.uyghurkitap.com

چەت ئەللىك مېھمانلار ئىزدەپ كېلىدۇ، ئۇلار مەندىن بىرمۇنچە ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆيلىرىمنى، ھۈنەر جەريانىنى سۈرەتكە تارتىپ، سىنئالغۇغا ئېلىپ، مەن بىلەن، ئۆيدىكىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىشىدۇ. تەرەققىيات قانچىكى تېز بولسا، ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئانچە كارى يوق، چەت ئەللىكلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە نىمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ، دەيمەن. ئۇلارنىڭ تىلى تۇرماق، خەنزۇچىنىمۇ تۈزۈك بىلمىگەچكە، گېپىمىزنى ئۇقۇشۇپ بولالماي، بەك قىينىلىمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بار ئاماللار بىلەن مەندىن ئۇنى-بۇنى سوراپ، قەغەزنى ئېغىزىمىزدىن چىققان باھادا سېتىۋېلىشىدۇ.

بىر كۈنى بىر چەت ئەللىك مۇخبىر 10 - 15 ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، بۇ ھۈنىرىمنى ئۆگەنمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى، مۇمكىن بولسا، ئۇلارغا قەغەز ياساش ھۈنىرىمنى ئۆگىتىپ قويۇشىمنى قايتا-قايتا ئۆتۈندى. تېخى يۇقىرى باھادا خېلى جىق قەغەز سېتىۋالدى. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن دەپ، قوشنىلارنىڭ بالىلىرىغا بىكارغا ئۆگىتىپ قوياي دېسەممۇ ھېچكىم ئۆگەنمىگەن ئىدى، ئەمما چەت ئەللىكلەر ھەق تۆلەپ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنمەكچى بولىۋاتىدۇ.

خوتەن قەغىزى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ شانلىق ئۈلگىسى. ئۇ ئاۋۋال ئەمگەكچان، پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىگە تەۋە. شۇڭا، بۇ ھۈنەرنى بىزنىڭ قارا كۆز باللىرىمىزغا ئۆگىتىپ، ئۇلارغا مىراس قالدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

خوتەن قەغىزى ئادەتتىكى قەغەز سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، قەدىمكى دەۋردە پۇل بېسىش، ئالىي دەرىجىلىك بېزەكچىلىك، كۆنلۈك ياساش، قەغەز سېۋەت ياساش، دورا ئوراش، يەلپۈگۈچ ياساش قاتارلىقلاردىمۇ ئىشلىتىلگەنىكەن.

بۇ قەغەزنىڭ رەڭگى سېرىق، تالاسى ئىنچىكە، ئازراق ئارىلاشمىسى بار، پىششىق، ئىلاستىكىلىقى كۈچلۈك، ئەۋرىشىم، ئاسان يىرتىلمايدىغان، زەھەرسىز، نەملىكنى سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، خەت يازسا تارىمايتتى، ئۆڭمەيتتى، ئۆچمەيتتى. ئەگەر سىياھ ياخشى بولسىلا، 1000 يىلدىمۇ خەتنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتمەيتتى، قەغەز چىرىپ كەتمەيتتى.

بىزنىڭ كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى مۇشۇ خوتەن قەغىزى بىلەن دەۋردىن دەۋرگە ئۇلىشىپ كەلگەن بولسا كېرەك.

خوتەن قەغىزىنى ياساش مۇشكۈل، ئىنچىكە، مۇرەككەپ باسقۇچلار بىلەن تاماملىنىدىغان ئۇزۇن جەريان.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۆككىدە ئۆسكەن ئۈجمە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان يېزا-كەنتلەردە ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇلار ئۈژمە غازاڭلىرى بىلەن پىلە قۇرتى بېقىپ، يىپەك توقۇغاندىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال مەزگىللىرىدە، ئۈژمە شاخلىرىنى يىغىپ قوۋزاقلىرىنى سوياتتى-دە، سويۇلغان ئۈژمە قوۋزاقلىرىنى سۇغا بىر مەزگىل چىلىغاندىن كېيىن، قوڭۇر پوستىنى سويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىچىدىكى نېپىز ئاق قەۋىتىنى لىققىدە سۇ قۇيۇلغان قازانغا سېلىپ، بىر تەرەپتىن قوچىغاچ تاكى ئېزىلگىچە قايناتاتتى. ئۇنى شور تۇز بىلەن ئىلەشتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، سۈزىۋېلىپ، توقماق بىلەن لايدەك ئېزەتتى. ئېزىلگەن قوۋزاق بوتقىسىنى ياغاچ تۇڭغا قويۇپ، نوغۇچ بىلەن قوچۇش، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق قەغەز بوتقىسى تەييارلايتتى دە، نوگاي بىلەن ئىنچىكە توردىن ياسالغان 40~50 سانتىمېتىرلىق چاسا ئەلگەكنىڭ ئۈستىگە تەكشى يېيىپ، كۈن نۇرى بىۋاستە چۈشىدىغان يەردە قۇرۇتاتتى.

قەغەز بوتقىسى قۇرىسىلا ھەققىي بىر تاختا خوتەن قەغىزى تەييار بولاتتى. نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، قەغەز ياساش تەرتىپلىرى ۋە قەغەز ياساشقا كېتىدىغان ماتېرىيال-سايمانلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى خىلۋەت بىر ماكاندا ياشاۋاتقان مەندەك بىر بوۋاي، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوبدانلا دەۋر سۈرگەن بۇ قەغەزنىڭ بارا-بارا ئىستېمالدىن قالغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭمۇ بارا-بارا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتىمەن.

خوتەن قەغىزى ئاتا روھىنىڭ يارقىن بىر نامايەندىسى.

ئاتا دېگەن سۆزنىڭ يەنە ئۆزىنى ئاتا قىلىش، بېغىشلاش دېگەن مەنىسى بار. ئاتا-بوۋىلىرىمىز سەۋرچانلىق بىلەن جاپا-مۇشەققەتكە، خىلمۇخىل ئوڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرىپ، بىباھا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان خوتەن قەغىزىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى شان-شۆھرىتى نەدە بولاتتى؟

بىردىنبىر ئاتا ھۈنىرى بىلەن يۈز تاپقان توختى باقى تۇردى بوۋاي ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇ ئاتا ھۈنىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ياشىنىدى.

جاھاندا كۆتۈلمىگەن ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، پۇرسەت تېرىشقانلارغا كۈلۈپ قارايدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاپتاپ چىققان پەيشەنبە كۈنى مۆجىزە ئاخىرى يۈز بەردى:

خوتەن قەغىزى بىردىنلا دۇنياغا داڭدار تاۋار ماركىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. رەڭگى سېرىق ئالتۇندەك خوتەن قەغىزى ئىشلەيدىغان غايەت زور ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلۇپ، تاختا-تاختا خوتەن قەغەزلىرى سودا بازارلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ سېتىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن كۈنلۈك ياكى يەلپۈگۈچ ياسايدىغان كارخانىلارمۇ كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپتۇ. ھەتتا تاختا-تاختا خوتەن قەغىزىنىڭ پىششىق، ئاسان يىرتىلمايدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مودا كىيىم-كېچەكلەر تىكىلىپ بازار تېپىپتۇ. كۆپ قىسىملىق چەتئەل تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە داڭلىق چولپانلار خوتەن قەغىزىدىن تىكىلگەن يارىشىملىق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشىپ، خوتەننى دۇنياغا تونۇتۇپتۇ. بۇ چولپانلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، كىشىلەر خوتەن قەغىزىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى رەڭدار توي كىيىمى قىلىۋاپتۇ.

ئەڭ مۇھىمى دۇنيادىكى «ئاق بۆلغىنىش» دەپ ئاتالغان يالتىراق خالتا، يالتىراق بويۇملار بىر كۈندىلا ھالاكەتكە يۈزلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا خوتەن قەغىزىدىن يىمەكلىك قاچىلىنىدىغان چوڭ-كىچىك خالتىلار ۋە خوتەن قەغىزىدىن ياسالغان بويۇملار بارلىققا كېلىپتۇ.

خوتەن قەغىزى دۇنياغا مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللىي تۇرمۇشنىڭ پۈتمەس تۈگىمەس ھاياتى كۈچىنى تونۇتقاندىن كېيىن، كىشىلەر يۈكسەك ماددىي ئېھتىياج بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، مەنىۋى ئېھتىياج ھېسابلانغان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىگىمۇ چىن مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپتۇ. كىشىلەر يىلتىزىنى ئىزدىگەندەك ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنىمۇ ئىزدەيدىغان ئادەت بارلىققا كەپتۇ.


بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، مەدەنىيەت خاسلىقىغا تەۋە بولغان خوتەن قەغىزى قول-ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ قايتىدىن ئۇيۇقسىنى ئېچىپ، يەر شارىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى شىددەت بىلەن كېڭەيتىشى باللارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتىنى قوزغاپتۇ.

توختى باقى تۇردى بوۋاي قاتتىق تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا:«مەن سەممىيلىك، سەۋرچانلىق، جاسارەت ۋە جاپاغا تاقابىل تۇرىدىغان داۋاملاشتۇرۇش روھىنىڭ بۇنداق مۆجىزە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن، ئەمدى چۈشەندىمكى، پەقەت ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلسىلا، ئاندىن بەختىيار بولالايدىكەن، يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن» دەپتۇ.

شۇ كۈنى خوتەن شەھىرىدە توپا ئورنىدا رەڭدار گۈل-چېچەكلەر يېغىپتۇ. بۇ گۈل-چېچەكلەر نىمشقىدۇر يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، ئاسماننىڭ قەيىرىدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، رادىئودا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يېشىل بوستانلىققا ئايلانغانلىقى، لوپنۇر كۆلىنىڭ قايتىدىن ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلغانلىقى، ئانا دەريا تارىمنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ھەقىقىي بەخت

(ھېكايە)

لېۋ. تولستوي (روسىيە)

بىر زامانلاردا ئۇرفا ئېلىدا، ئىلياس ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ توي قىلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ۋاپات بوپتۇ. دادىسىدىن ئۇنىڭغا ئانچە بىر نەرسە مىراس قالماپتۇ، ئىلياسنىڭ ئۇ چاغدا يەتتە بايتىلى، ئىككى كالىسى، يىگىرمە قويى بار ئىكەن.

ئىلياس ئەقىللىق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاستا-ئاستا ماللىرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

ئىلياس كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، كۈن چىقىشتىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئايالى شەمشىخان بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن. تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، يىلدىن-يىلغا ماللىرى كۆپىيىپ، تۇرمۇشى باياشاتچىلىققا تولۇپتۇ. ئىلياس شۇنداق قىلىپ 35 يىلدىن كېيىن نۇرغان مال-دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئىلياس 200 تۇياق ئات، 155 مۈڭگۈزلۈك ھايۋان، 1200 قوينىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ.. پادىچىلار ماللىرىنى باقىدىكەن، خىزمەتكار ئاياللار بايتال، كالا ۋە قويلارنى سېغىپ، ئۇلارنىڭ سۈتلىرىدىن قىمىز، سارماي، سۈزمە قاتارلىق سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ياسايدىكەن. ئۆينىڭ ئىچى باياشاتچىلىققا تولۇپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ:

— ماشۇ ئىلياس نېمە دىگەن تەلەيلىك ھە، ھەممە نەرسىسى تەل. ئۆلۈممۇ ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ كېلىدىغۇ ھەقىچان، — دېيىشىدىكەن.

ئىلياسنىڭ نۇرغۇن تونۇش-بىلىشلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن مېھمانلار كېلىدىكەن. ئىلياس ھەممىسىنى ئوچۇق چىراي بىلەن:

— خوش كەلدىڭلار — دەپ قارشى ئالىدىكەن.

مېھمانلارنىڭ كېلىشى بىلەنلا دەرھال بىر ئىككى قوي، ئەگەر كۆپرەك بولسا بىرە بايتالنى سويىدىكەن. ئۇلارنى ناھايىتىمۇ ياخشى مېھمان قىلىدىكەن. مېھمانلارنى قىمىز، ئەتكەنچاي، شەربەت، قوي گۆشلىرى بىلەن غىزالاندۇرىدىكەن.

ئىلياسنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى تۇرمۇشلۇق بوپتۇ. ئۇلار كەمبەغەل چاغلىرىدا ئىلياس بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپتۇ. قويلىرىنى بېقىپتۇ. كېيىن ئازراق باي بولۇۋېلىپلا ئىش قىلىشنىڭ ئورنىغا تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. ھەتتا بىر ئوغلى ھاراقكەش بولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ ئوغلى بىر جىدەلدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كىچىكىنىڭ ئايالى ناھايىتىمۇ تەكەببۇر بىر ئايال ئىكەن. ئىلياس ئۇلارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئايرىۋېتىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئىلياسنىڭ بايلىقى بىر ئاز ئازلاپ قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا قويلىرىغا يۇقۇملۇق كېسەل تېگىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىنكى يىلى بولسا

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ. ئوت-چۆپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كېتىپ، ھەممە يەرنى قەھەتچىلىك قاپلاپتۇ. بۇ سەۋەپتىن قىش كەلگەندە نۇرغۇن ھايۋانلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. زىرائەتلەرنىڭ قالغان قىسمىنى قىرغىزلار ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىلياسنىڭ مال-مۈلكى بارغانسىرى ئازلاپ، ھال-ئەھۋالى ناچارلىششقا يۈزلىنىپتۇ. ئىلياسمۇ كۈچىدىن قىلىپ، جىسمانى جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

بوۋاينىڭ نوركا جۇۋىلىرى، قىممەت باھالىق گىلەملەر، ھارۋىلار، ئېسىل ئىگەر-جابدۇقلار، ئاز بىرقىسىم ساق قالغان ھايۋانلار ئىشقىلىپ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلا بولسا ھەممىسىنى سېتىشقا مەجبۇر قاپتۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يانچۇقى قۇپ-قۇرۇق بوپ قاپتۇ. نېمىسى بولسا ھەممىسىنىڭ شۇنداق تېز قولدىن چىقىپ كەتكەنكىنى، ئىلياس ئۆزىمۇ تۇيمايلا قاپتۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ ئۈستى-بېشىدىكى ئەسكى چاپان، قۇلاقچا، ئايىقى ۋە ۋاپادار مومىيى شەمشىخاندىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ.شۇنداق كۈنلەردە، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن ئوغلى يىراق بىر شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ، قىزىمۇ ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايغا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم قالماپتۇ .شۇنىڭ بىلەن ،مومىيى بىلەن بىرلىكتە باشقىلارغا خىزمەتكار بولماقتىن باشقا ئامال قالماپتۇ.

ئىلياس بوۋاينىڭ بىر خوشنىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەت شاھ ئىكەن. مۇھەممەت شاھ بۇ يالغۇز بوۋاي بىلەن مومايغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ.

مۇھەممەت شاھنىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، كەمبەغەلمۇ ئەمەس بايمۇ ئەمەس ، ھالال مېھنىتى بىلەن ياشايدىغان ياخشى بىر ئادەم ئىكەن.

بۇ ئادەم ئىلياسنىڭ بۇرۇنقى مېھماندوستلىقىنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى ئۇزۇتۇپ:

— ئىلياس، ئايالىڭنى ئېلىپ بىزنىڭكىگە كەل، يازدا قولۇڭدىن كېلىشىچە باغۋەنچىلىك قىلارسەن، قىشتا بولسا ئېغىلدىكى ھايۋانلارنى باقارسەن. شەمشىخان بولسا بايتاللارنى سېغىپ، سۈتىدىن بىزگە قىمىز تەييارلار. مەن سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىمەن، قۇرساقتىن ھېچ غەم قىلماڭلار. بىرەنەرسىگە ئېھتىياجىڭلار بولسا ھېچ تارتىنمايلا ماڭا ئۇدۇل دەڭلار — دەپتۇ.

ئىلياس بۇ ۋاپادار خوشنىسىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، مومىيى بىلەن بىللە مۇھەممەت شاھنىڭ ئائىلىسىگە خىزمەتكار بوپتۇ. بۇ ئىشلار باشتا بوۋاي بىلەن مومايغا بىراز ھار كەپتۇ. «ۋاقىت ھەممە نەرسىنىڭ داۋاسى» دەپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلارغىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ. قولىدىن كېلىشىچە ئىشلەپ ھاياتىنى داۋام قىپتۇ.

مۇھەممەت شاھ ئۇلارنى ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ ياخشى قىلغان ئىكەن. چۈنكى ئىلياس بىلەن مومىيى ئۆز ۋاقتىدا ياخشى كۈن كۆرگەن ئىنسانلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشنىڭ يولىنى ۋە قانداق چاغدا نېمە قىلىشىنى ئوبدان بىلگەچكە ھورۇنلۇق قىلماي پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا بېرىپ، بار كۈچى بىلەن ئىشلەپتۇ.

مۇھەممەت شاھ شۇنداق ياخشى باياشاتچىلىقتا ئۆتكەن ۋە ناھايىتى يۈز-ئابرويلۇق ئىنسانلارنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بەزىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن.

بىر كۈنى مۇھەممەت شاھنىڭ ئۆيىگە يىراق بىر جايدىن ئۇرۇق-تۇققانلىرى مېھماندارچىلىققا كەپتۇ ۋە بۇ مېھماندارچىلىققا مەسجىتنىڭ ئىمامىنىمۇ چاقىرىپتۇ.

مۇھەممەت شاھ ئىلياسقا قويدىن بىرنى ئەكىلىپ سويۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئىلياس قوينى سويۇپ، گۆشلىرىنى پۇشۇرۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

مېھمانلار گۆشلەرنى يەپ، چايلىرىنى ئىچىپ، ئوبدان غىزالانغاندىن كېيىن قىمىز ئىچىشكە باشلاپتۇ. مېھمانلار ساھىپخانىنىڭ ئۆيىدىكى ئېسىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان يۇمشاق كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ، قاچىلارغا تولدۇرۇپ قۇيۇلغان قىمىزلارنى ئىچكەش پاراڭلىشىۋاتقاندا ئىلياس ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. مۇھەممەت شاھ ئۇنى كۆرۈپلا، مېھمانلارغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ئىشىكنىڭ ئالدىن ئۆتكەن ئۇ بوۋاينى كۆردۈڭلارمۇ؟— دەپتۇ.

مېھمانلاردىن بىرى :

—كۆردۈم، بىراق بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار، — دەپتۇ.

مۇھەممەت شاھ:

— ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق، بۇ ئادەم بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ باي ئادەم ئىدى، ئىسمى ئىلياس، بەلكىم ئاڭلىغان بولغىيتتىڭلار ؟

—ئاڭلىماي قالامتۇق! ئۆزىنى كۆرمىگەن،

www.uyghurkitap.com

ئەمما نامىنى ئاڭلىغان، نامى پۈتۈن يەرگە تارالغان ئەمەسمىدى، — دەپتۇ ئاردىن بىرى.

مۇھەممەت شاھ:

— هازىر ھېچنىمىسى قالمىدى. مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەۋاتىدۇ، ئايالى بولسا بىزنىڭ بايتاللارنى ساغىدۇ.

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تەڭ «ئېسىت- ئېسىت» دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىنغانلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىشىپتۇ. ئاردىن بىر مېھمان سۆز ئېلىپ:

— دېمىسىمۇ بۇ بەخت دېگەن نەرسە چاقپىلەكتەك ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئايلىنىۋاتقاندا بىرسى يۇقۇرىغا چىقسا، يەنە بىرلىرىنى تۆۋەنگە چۈشىرىدۇ. بوۋاي بەكمۇ ئازاپلانغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

مۇھەممەت شاھ:

— بىلمەيمەن، مىنىڭ كۆرگىنىمگە ئاساسلانغاندا، ناھايىتى ياخشى كۆرۈنىدۇ، جىمجىت ئۆز ئىشىنىلا قىلىدۇ.

مېھمان:

— ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقساق بولارمۇ؟، بىزگە بىراز ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن سۆزلەپ بەرگەن بولسا، — دەپتۇ.

مۇھەممەت شاھ ھەي، ھەي دەپ چىدىرنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ ۋارقىراپ:

— بوۋاي بۇياققا كەل، ئايالىڭ بىلەن بىرگە كېلىپ، قىمىز ئىچىڭلار.

ئىلياس، ئايالى بىلەن ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئۆي ئىگىسى ۋە مېھمانلار بىلەن سالاملىشىپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ بولۇپ، ئىشىكنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئايالى بولسا پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ، مۇھەممەت شاھنىڭ ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

ئىلياسقا بىر پىيالە قىمىز بېرىپتۇ. ئىلياس ئۇلارغا قايتا يەنە سالام بېرىپ، قىمىزدىن ئازراق ئىچىپ،قاچىنى يەرگە ئاۋايلاپ قويۇپتۇ.

مېھمان ئۇنىڭدىن:

— قانداق ئەھۋالىڭ بوۋاي، بىزگە قاراپ بۇرۇنقى كۈنلىرىڭنى ئەسلاۋاتامسەن؟ ئىچىڭ ئاچچىق بولىدىغاندۇ بەلكىم، بۇرۇن بەختلىك ئىدىڭ، هازىر بولسا تۇرمۇشتا قىينىلىۋاتقانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىلياس مېھمانغا بىر قارۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەرگە بەخت بىلەن قىيىنچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دېسەم ھەيران قالىسىلەر، بۇلارنى ئايالىمدىن سوراپ، جاۋابىنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاڭلار. ئايال خەق دېگەن كۆڭلىدە نېمە بولسا ئاغزىدا شۇنى دەيدۇ. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى بارلىق ھەقىقەتنى ئۇ ساڭا دەپ بېرىدۇ، — دەپتۇ

مېھمان ئۆينى ئايرىپ تۇرغان پەردە تەرەپكە قاراپ:

— موما، بۇرۇنقى بەخت بىلەن هازىرقى قىيىنچىلىقنى قانداق قارايلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

موماي پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

— مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئېرىم بىلەن 50 يىلدىن بېرى بەخت ئىزدىدۇق، ئەمما بەختنى ھېچ تاپالمىدۇق. هازىر ئىككى يىلدىن بېرى خىزمەتكارلىق قىلىۋاتىمىز، قول ئىلكىمىزدە ھېچنەرسە يوق، ئەمما ھەقىقىي بەخت دېگەن مانا مۇشۇ ئىكەنتۇق. ئەمدى ھېچنەرسە ئىستىمەيمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مېھمانلار مومايىنىڭ تەمكىنلىك بىلەن قىلغان بۇ سۆزلىرىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. ساھىپخانمۇ ھاڭ- تاڭلا بوپ قاپتۇ. موماي دەل ماشۇ چاغدا ئەھۋالنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، پەردىنى قايرىپتۇ.

موماي قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بوۋايغا قاراپتۇ، بوۋايمۇ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىپتۇ. موماي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن، چاقچاق قىلغىنىم يوق. يېرىم ئەسىر بويىچە بەخت ئىزدىدۇق، باي چاغلىرىمىزدا ئۇنى تاپالمىدۇق. هازىر ھېچنەرسىمىز قالمىدى، خىزمەتكار بولۇپ قالدۇق. ئەمما شۇنداق بىر بەختكە ئېرىشتۇقكى، بۇنىڭدىن باشقا ياخشى بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلمايمىز.

مېھمان تېخىمۇ قىزىقىپ ئىچىدە:

— خوپ، خازىرقى بۇ بەخت دېگەنلىرى، زادى قانداق بىر بەختتۇ؟

— قانداق دېمەكچىمۇ؟ ماقۇل سۆزلەپ بېرەي. باي چاغلىرىمىزدا بىر سائەتمۇ راھەتنىڭ يۈزىنى كۆرمىدۇق، يا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ مۇڭداشمايتتۇق، يا ئۇ دۇنيانى ئويلىمايتۇق، ياكى ناماز قىلىپ دۇئا قىلمايتتۇق. ئولتۇرۇپ-قوپساق ئىشتىن باشقىنى ئويلىمايتتۇق.

مېھمانلار كەلدىمۇ ئالدىراشچىلىقتا يەنە بىرمۇنچە ئىشلار چىقاتتى. ئۇلارنى قانداق كۈتىۋېلىشنى بىلمەي قالاتتۇق. بىزنى ئەيىپلەپ يۈرمىسۇن دەپ ئويلاپ، نېمە بىلەن مېھمان

قىلىشنى بىراز ئويلىشاتتۇق. مېھمانلار ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن خىزمەتكارلارنىڭ دەرتلىرى باشلىناتتى. ئۇلار كۆپ يەپ، ئاز ئىشلەشنىلا ئويلايتتى. بىز بولساق مال-دۇنيايىمىزنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھنىڭ ئۈستىگە گۇناھ قىلاتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن بۆرىلەرنىڭ مال-ئۇلاقلارنى يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسەك يەنە بىر تەرەپتىن ئېتىزلىقلارغا ئوغرى كىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپلا يۈرەتتۇق. ئېغىلدىكى قويلارنىڭ قوزىلارنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىلىرى نەچچە قېتىم چىقىپ تەكشۈرۈپ، كۆزلىرىمىزگە ئۇيقا كىرمەيتتى. بىراز خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق دېيىشىمىز بىلەنلا قىش كېلىپ، مال-ئۇلاغلارنىڭ يەم-خەشەك غەملىرى چىقاتتى. پۈتۈن بۇ دەرتلەر يەتمىگەندەك ئەر-ئايال ئىككىمىز پېتىشمايتتۇق. مەن قوپۇپ «ئۇنى مۇنداق قىلىمىز» دېسەم، ئۇ قوپۇپ «ياق بۇ ئىش ئۇنداق ئەمەس مۇنداق» دەيتتى. شۇنداق جېدەللىشىپ ئۆزىمىزنىڭ ھالىنى ئۆزىمىز خاراپ قىلاتتۇق. كۆڭلىمىزنىڭ ھېچ ئارامى بولمايتتى. شۇنداق يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتتۇق، لېكىن بەخت مۇبارەك يۈزىنى بىزگە ھېچ كۆرسەتمىدى.

مېھمان:

— ئەمدىچۇ؟

— ئەمدى، سەھەر تۇرغاندا ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشىمىز، دوستلۇق مېھرىمىز بىلەن بىر-بىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراپ قىزغىن مۇڭدىشىمىز. غەۋغا قىلىدىغان، غەم-قايغۇ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز يوق. پۈتۈن ئويىمىز خوجايىنغا ياخشىراق خىزمەت قىلىش. قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلەپ، خوجايىنىنىڭ زىيان تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىش. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئارزۇيىمىز بىلەن قىلىۋاتىمىز. ئىشتىن قايتقىنىمىزدا تاماقلىرىمىز تەييار، چۈش ۋە كەچتە تاماق بار. ئىچىشىمىز قىمىز، يېيىشىمىز گۆشلۈك تاماق، كىيىشىمىز ئىسسىق جۇۋا. پاراڭلىشىش ئۈچۈن، ئۇ دۇنيانى ئويلاش ئۈچۈن، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقتىمىز بار. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە بولسۇن؟. 50 يىلدىن بېرى بەخت ئىزدەپ يۈردۇق، ئەمما ئەمدى تاپتۇق،— دەپتۇ موماي.

مېھمانلار مومايىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپتۇ.

ئىلياس بوۋاي ئاخىرىدا سۆز ئېچىپ:

— كۈلمەڭلار قېرىنداشلىرىم، بۇلار مۇنداقلا سۆزلەپ قويۇلغان سۆزلەر ئەمەس. چاقچاقمۇ ئەمەس. بۇ ئىنساننىڭ ھاياتى. بۇرۇن مەنمۇ، ئايالىممۇ ئەخمەق ئىكەنمىز. بايلىقىمىزدىن ئايرىلدۇق دەپ يىغلاپ-قاخشاپ كېتىپتىمىز. ھازىر ئويلىسام ئاللاھ بىزگە ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. بىز بۇلارنى سىلەرنى كۈلۈپ، كۆڭلىنى ئاچسۇن دەپ ئەمەس، بەلكى سىلەرگە ئىبرەت بولسۇن دەپ سۆزلىدۇق،— دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئىمام سۆزگە ئارىلىشىپتۇ ۋە:

— بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بەرھەق. ئىلياس ھەقىقەتنى سۆزلىدى. بۇ سۆزلەر مۇقەددەس كىتاب قۇرئاندىمۇ دېيىلگەن،— دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن مېھمانلار كۈلۈشتىن توختاپ، ھەممىسى چوڭقۇر تەپەككۇر دېڭىزىغا چۆكۈپتۇ.

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھەببۇللا ئابلىمىت**

*ئاتىنىڭ ئالقىشى ئوغۇلغا تەگسە، ئۇنىڭغا شادلىق ھەمراھ بولىدۇ.*

«يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «قاناتلىق پەرىشتە» نىڭ سىرى

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت مىرەن قەدىمكى شەھىرى خارابىلىقى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 80 كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم بارىخانلىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان كىروران قەدىمكى شەھىرىگە تەخمىنەن 260 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىرەن قەدىمكى شەھىرى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولۇپ، يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت دەپ تەرىپلەنمەكتە. قەدىمكى شەھەر خارابىسى قەدىمكى قەلئە، شەرقىي چوڭ ئىبادەتخانا ۋە غەربىي چوڭ ئىبادەتخانىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

مىرەن قەدىمكى شەھىرى قەدىمكى بەگلىك — پىشامشان بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى بولغان مىرەن شەھىرىدۇر. پىشامشان بەگلىكى ئەسلىدىكى كىروران بەگلىكى بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىدە بولغاچقا، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار تالىشىدىغان زېمىن ئىدى. شۇڭا كىروران ئىككى تەرەپتىن ياخشىچاق بولۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ ئۆزىنى قوغداپ قېلىشقا ئورۇنغان. كىروران خانىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ھەرىكىتى خەن سۇلالىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋ دى دېگەن كىشى فۇ جېزىنى ئادەم باشلاپ تۇيدۇرماي كىرىپ كىروران خانىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى خان قىلىپ بېكىتكەن، ئاستانىنى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقى (كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپى)دىن جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مىرەن شەھىرى (يەنى بۈگۈنكى چاقىلىق ناھىيەسىدىكى مىرەن)گە كۆچۈرۈپ، بەگلىك نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتكەن.

1907 - يىلى ئەنگلىيەلىك ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن بۇ يەرنى قېزىپ ھەيكەل، تام سىزمىسى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئون نەچچە تۈگىگە بېسىپ ئېلىپ كەتكەن.مىرەن خارابىلىقىنىڭ تارىخىي دەۋرى مىلادىيە 4-3 ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا 10 پارچىغا يېقىن «قاناتلىق پەرىشتە» ناملىق تام رەسىمى بايقىلىپ، ھازىر ئەنگلىيە بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1911 -يىلى يەنە ياپونىيە چوڭ جىلغا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 3 -قېتىملىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ، ئاساسەن پارچىلىنىپ كەتكەن يەنە بىر دانە «قاناتلىق پەرىشتە» رەسىمىنى بايقايدۇ، بۇ رەسىم ھازىر توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا.




مەزكۇر رەسىم تارىختىن بېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ مۆجىزە ئەسەر سانىلىپ كەلگەن بولۇپ، رەسىم كۆپ خىل دىنلار ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان.

رەسىمگە قارايدىغان بولساق، گەرچە ئەينى ۋاقىتتا پىشامشان دۆلىتىدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىدا بايقالغان رەسىم بولسىمۇ، لېكىن رەسىمدە غەرپنىڭ سەنئەت ئامىللىرى ناھايىتى كۈچلۈك.ئەمىسە بۇنىڭ سىرى نېمە؟


رەسىمدە ياش بىر يىگىت بولۇپ، ئۈستىگە بېشىدىن كىيىلىدىغان تۈگمىسىز بىر يەكتەك كىيگەن بولۇپ، ئاددىي ئەمما ناھايىتى سالاپەتلىك ئىدى. چۈشۈرۈۋېتىلگەن بېشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىراز چاچ قويۇلغان، قاشلىرى ئەگىم، يوغان كۆزلىرى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىلغان بولۇپ، نۇرلۇق ۋە جانلىق ئىدى. كۆز نۇرىنىڭ سىزىلىش ئالاھىدىلىكى ياۋروپا سەنئىتىنى ئەسلىتىدىغان بولۇپ، خۇددى دۇنياغا داڭلىق «مونالىزا» ناملىق ماي بوياق رەسىمدىكى ئايالنىڭ بېقىشىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قايسى تەرەپتىن قارىساق شۇ تەرەپكە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىلمەكلىك، يۈز شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ستېرېئولۇق تۈسى كۈچلۈك. مەڭزى بالا چىراي بولۇپ، سۈس ھال رەڭدە ئىدى. ئېغىزى كىچىك بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. رەسىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى سۈس كۆك رەڭلىك بولۇپ، بۇ كۆك ئاسمانغا سىمۋول قىلىنغان.رەسىمدىكى يىگىتنىڭ كەينىدە يوغان بىر جۈپ قانىتى بولۇپ، قاناتلارنىڭ ئىچى سۈس سېرىق رەڭدە، تېشى قارا رەڭدە سىزىلغانىدى.ئاۋرېل ستەيىننىڭ مۇلاھىزىسىچە، يىگىتنىڭ بېشىنىڭ 1/3 قىسمى تۇرۇش ھالىتىنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە بۇرالغان ھالەتتە بولۇپ، باش شەكلى پۈتۈنلەي غەرب ئۇسلۇبى بويىچە سىزىلغان شۇڭلاقلا غەرپلىكلەرنىڭ باش شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىراز سېمىتىك ئۇسلۇب يەنى خېبرۇ ۋە ئەرەب تەسىرىمۇ بارىدى. رەسىم قارىماققا خۇددى خىرىستىيان دىنى رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن قاناتلىق پەرىشتىگە ئوخشايتتى. سىزىلىش ئۇسلۇبى بولسا شۇ دەۋردە يېقىنقى شەرقتە ئەۋج ئالغان يۇنان سەنئىتىگە ئائىت بولۇپ، يۇنان مەدەنىيىتىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى ئېروسنىڭ ھېكايىسىدىن ئىلھام ئالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراش شەكىللىنىدۇ.ئېروس رىۋايەتلەردە قاناتلىق ئىلاھ دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.ھازىرقى سۈرىيەگە توغرا كېلىدىغان پالمىرا خارابىلىقىدىن تېپىلغان ئادەم بېشى چۈشۈرۈلگەن رەسىملەردىكى كۆزنىڭ سىزىلىش ئۇسلۇبى دەل بۇ مىرەندىن تېپىلغان قاناتلىق پەرىشتىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قارىغۇچىغا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك ۋە ئەگەشكەندەك تەسىر بېرىدۇ.

رەسسىمدىكى قاناتلىق پەرىشتە، يۇنان سەنئىتىدىن باشقا يەنە ھىندى سەنئىتىنىڭ گاندخارا ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبىدىمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل سەنئەت ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەردە كۆپىنچە رەققاسلار ۋە مۇزىكانتلار قاناتلىق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. مىرەن قەدىمىي شەھىرىدىكى قاناتلىق رەسىمنىڭ ئىدېيولوگىيەسى ئۇستىدە ئىزدەنمەكچى بولساق، كىلاسسىك مۇھەببەت ئىلاھىدىن ئىبارەت پروتوتىپقا بولغان چوقۇنۇش ۋە ھۆرمەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

ئالدىنقى قىسىمدا رەسىمدە يۇنان سەنئىتىنىڭ ئىزنالىرىنىڭ تەسىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، لېكىن رەسىمدىكى بالا چىراي يىگىت ھېچقانداق بىر خىرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى سىزىلغان پەرىشتىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە كىيىم كېچەكلەر ۋە جىنسىي ھەۋەسنى قوزغاتقۇچى ئامىللاردىن خالىي بالا چىراي قاناتلىق يىگىت ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى غەرب سەنئىتىدە بولمىغان بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇنى شەرق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، زوروئاستېر دىنى قاتارلىق دىنلارنى قوبۇل قىلغان.تارىم ۋادىسىدىكى بۇ زېمىن تارىختا سودا ۋە دىن مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، مېسوپوتامىيە ۋە غەربىي ئىران مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ قىياسلاشقا بولىدۇ.خرىستىيان، مانىي، زەردۇش، بۇددا ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ زېمىندىن تارقىلىشقا باشلاپ بۇ رايون قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى بىر بىرى بىلەن ئۇچراشقان «تۆت كوچا» ئېغىزىغا ئايلانغان.

رەسىم گەرچە بۇددا ئىبادەتخانىسىدا مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئالاقىسى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ھىندىستاندىكى گاندارا سەنئىتىنىڭمۇ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق.بۇ خىل قەدىمكى بېزەكچىلىك سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىدە قوللىنىلىپ، كېيىنچە خىتاي قاتارلىق جايلارغا جۇملىدىن يىراق ئاسىياغا تارالغان. مىرەن خارابىلىقىدىن تېپىلغان باشقا رەسىملەردىن يەنە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بەزى قول ئىشارەتلىرى، گۈل نۇسخىلىرى، پورتېرېت تەسۋىرى قاتارلىقلاردا قويۇق ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى مەۋجۇت.

«قاناتلىق پەرىشتە» رەسىمى ئۆزگىچە سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە غەرب ۋە شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا موھىم رول ئويناۋاتقان بولۇپ، زېمىنىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە دىنلارنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.



**مەنبەلەر:**

«Sirindia» - Aurel Stein
«An Iranian Gesture At Miran» - Carol A. Blomberg

# ئارزۇيۇم مېنىڭ

پەرىدە نىياز (گېرمانىيە)

بۇ كۆڭۈل كۈتەر جانانىنى نە زامان كېلەر يېتىپ؟
ئۈيقۇسىز ئاتماقتا تاڭلار يولىغا تەشنا بېقىپ،
كىرپىكىم قاقماس دەقىقە كەتتى كۆز نۇرۇم قېتىپ،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

ھەر سەھەر قۇياشقا باقتىم نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ،
يۈرىكىم ھەسرەتكە تولدى ئاھ ئۇرۇپ چەكتىم پىغان،
كۆز يېشىم گوياكى چەشمە ياش ئەمەس ئاقماقتا قان،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

بىر نەپەس ئالماق قىيىن يۈرىمەن ئېغىر تىنىپ،
ئۇھ” دىسەم ئۇھ، ئۇھ كېلىدۇ ئىچ- ئىچىم دەردتە يېنىپ،
تەقدىرىم كاجمۇ مېنىڭ باقمىدىم يارغا قېنىپ،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

سانجىدى ساچىمغا ئاقلار ئاي ئۆتۈپ يىللار ئۆتۈپ،
بەللىرىم ئېگىلدى يادەك دىلبىرىم يارنى كۈتۈپ،
دەرد- ئەلەم ھەسرەتتە ئۆتتۈم ھەر كۈنى ئوغا يۇتۇپ،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

ئارىمىز بەكمۇ يىراق تولۇلسام يەتمەس ئۈنۈم،
سارغىيىپ بولدۇم سامانداك تەلمۈرۈپ ئۆتتى كۈنۈم،
مەن غېرىب سەرسان دىۋانە تۈگىمەس يۈرەك سۆزۈم.
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

تاغ ئىگىز تۈستى يولۇمنى مەن بېرىپ كۆرەي دىسەم،
دېڭىزلار چوڭقۇر پايانسىز سۇ كېچىپ ئۆتەي دىسەم،
قاناتىم قىرقىپ كېسىلدى يا ئۇچۇپ كېتەي دىسەم،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

ئەپ كېلەر يايرىم باھارنى مەن باقاي سەھەر تۇرۇپ،
يورۇتار مىسكىن دىلىمنى شان ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ،
يولىغا سالاي پاياندار گۈل بىلەن كۆڭلۈم سۈنۈپ،
شۇ ۋەسلى گۈزەل نىگارغا يەتمەك ئارزۇيۇم مېنىڭ.

2018 - يىلى 23 -نويابىر.



# ئوتتۇز بەش ياش

جاھىد سىدقى تارانچى (تۈركىيە)

ياش ئوتتۇز بەش، يولنىڭ يېرىمى دېمەك.
«دانتىي» دەك ئوتتۇرسىدا بىز ئۆمۈرنىڭ.
تەلۋە ياشلىق چېغىمىزدىكى جەۋھەر،
يالۋۇۋۇش، يىلىنىش ئەسقاتماستىن
كۆزىمىز يېشىغا باقماستىن كېتەر.

چېكەمگە ياغقان ئاپئاق قارمۇ نېمە؟
تەڭرىم! مېنىڭمۇ قورۇق باسقان شۇ يۈز؟
كۆزلەر ئاستىدىكى كۆكەرگەن چەمبەر؟
نېچۈن دۈشمەن كەبى باقىسەن ماڭا
ئۆزۈن يىللار دوست بىلگەن ئەينەكلەر؟

ئەجەبمۇ ئۆزگەرتەر ئىنساننى زامان!
قايسى رەسىمگە باقسام مەن، مەن ئەمەس:
نەدە ئۇ كۈنلەر، ئىشتىياق، ھاياجان؟
بۇ كۈلەر يۈزلۈك ئادەم مەن ئەمەس
يالغاندۇر غەم ـ قايغۇسىزلىقىم يالغان.

خام ـ خىيالغا لىق تولغان سۆيگۈمىز؛
ئەسلىمىسىمۇ ناتونۇش كېلىدۇ بەك.
ھاياتلىق يولىغا تەڭ قەدەم باسقان

دوستلار بىلەنمۇ ئايرىلدى يولىمىز؛
بارغانچە كۈچىيەر يالغۇزلىقىمىز.

كۆكنىڭ مەن بىلمىگەن رەڭگىمۇ بارمىش!
بەك كەچ بىلدىم تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى.
سۇ بوغارمىش ئادەمنى ئوت كۆيدۈرەر!
ھەر يېڭى كۈننىڭ دەرت ئىكەنلىكىنى،
ئىنسان بۇ ياشقا كەلگەندە بىلەرمىش.

بېھى سېرىق، ئانار قىزىل بۇندا كۈز!
ھەر يىلى كۆنۈپ كەتتىم ئاستا ـ ئاستا.
نېچۈن ئۇچۇپ يۈرەر سامادا قۇشلار!
نەدىن چىقتى بۇ جنازا، ئۆلگەن كىم؟
كۆرگىنىم قانچىنچى پايخان گۈلىستان؟

شۈبھە يوقتۇر ئۆلۈم كېلەر بېشىڭغا.
ئۇخلىدىڭمۇ ئويغانمىقىڭ يوق دېمەك
كىم بىلەر نەدە، قانداق، قانچە ياشتا؟
بىر جايناماز سەلتەنىتىڭ بولۇر.
تەخت مىسالى نامازگاھ سۇپىسىدا.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۇيغۇرۇللاھ



# مەن سېنى سۆيۈپ قالغاندەك

مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن)

نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟
كۆزلىرىڭ مېنى دېگىزدىن ئايرىغان تۇرسا
قۇملار ئىچىمىزدە يانغان تۇرسا...
نېمىشقا چىقماقچى بولىمىز؟
ئېغىزىمىزدىن چىقىرىپمۇ باقمىغان سۆزلەر
بىزنى سەرسان قىلغان تۇرسا...
بارچە ۋەتەن ئەينەك
بارچە ئەينەكلەر تاش.
نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟
بۇ يەردە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا
بۇ يەردە ئۇلار مېنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا.
بۇ يەردە دەريا ۋە جەڭگاھقا شاھىت بولدۇڭ
دەريا زېرىكمەس
دەريا زۇۋان سۈرمەس
دەريا ئازابلانماس
ھەر كۈنىمىز جەسەتكە تولغان
ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى مېدالغا تولغان
بۇ يەردە دەريا توختىغان، ئارىمىزدا
قاراۋۇل تۇرغان
ئىككى قىرغاقنى
يىراق قوشكېزەك دەيدۇ، يېقىندەك
ئىككى قىرغاق بىزگە يېقىندەك، يىراقتەك، بىزدىن يىراقتەك
قاراۋۇل بولۇشى كېرەك
ئاھ! ئارىمىزدا قاراۋۇل بولۇشى كېرەك.
ئىككى قىرغاقنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان سۇلار
ئىككى تەننىڭ قىينىغا ئوخشار
بىز بۇ يەردە ئىككى قىرغاق
بىز بۇ يەردە ئىككى تەن
بارچە ۋەتەن ئەينەك
بارچە ئەينەكلەر تاش.
نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟
بارچە تاغلار يوشۇرۇنىۋالغاندەك
مەن سېنى سۆيۈپ قالغاندەك
فىرانسىيە ئايرودىرومى تولۇپ تاشقاندى
تاۋارلار بىلەن، ئىنسانلار بىلەن.
بارچە تاۋارلار قانۇنلۇق

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ تېنىمدىن بۆلەك
ئاھ! ئى كۆزلىرىڭنىڭ ئارقىسىدىكى...ئى ۋەتىنىم!
جەڭگە كىرگەن ئىدىم
ئىلگىرىلىۋاتقان كەينىمدىن
دەمەشىق قىلىچىمنى يوقىتىپ قويدۇم قارلىنىپ
لايىنى قوغداش بىلەن
قىلىچىمنىڭ خەلىپىنىڭ تېگى بىلەن كارى يوقتى
شۇنداقتىمۇ مېنى ئۇلار قارلىدى...
ئېسىپ قويۇپ مېنى مۇنارغا
قايتىپ كېتىشتى
زىياپەت قەسرىنى يىغىشتۇرۇماق بولۇپ.
مەن سېنى راستتىنلا سۆيۈپ قالغاندەك قىلىمەن
بەللىرىمدە توستۇم شامالنى
سەن شامال بولدۇڭ، سەن قانات بولدۇڭ
سېنى يىراق كۆكلەردىن ئىزدىدىم
چۈشلەرنى ئىجارىگە ئالغانىدىم
-چۈشلەرنىڭ دورايدىغان شەكلى بار-
ئىختىيارسىز ناخشا ئېيتىمەن
دەرەختىكى ئات ئۈچۈن
زېمىننىڭ بىر ئۈچىدا دېڭىز مېنى كەينىمگە قايتۇرۇۋەتتى
بارچە ۋەتەن ئەينەك
بارچە ئەينەكلەر تاش.
نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟
لەۋلىرىمگە ئەڭ يېقىنسەن
لەۋگە تەگمەس سۆيۈشتىن ئۇزاق
مەن سېنى سۆيۈپ قالغاندەك
تېنىڭنىڭ چوڭ يوللىرىدا قوغلىماقتا مېنى سەپەر
تېنىڭنىڭ كوچىلىرىدا قورشىماقتا مېنى سەپەر
سۈكۈتۈمنى لەۋلىرىڭگە تاشلاپ قويىمەن
ئاۋازىمنى دارنىڭ پەلەمپىيىگە
مەن سېنى سۆيۈپ قالغاندەك
تېنىڭنىڭ ئاراللىرىغا يوشۇرۇپ قويماقتا مېنى سەپەر
-بۇ مۇساپىنىڭ قىسقىلىقى كەڭ-
قاتگۈل قوينىغا يوشۇرۇپ قويماقتا مېنى سەپەر.
ۋاقتىمنىڭ خەرىتىسىنى قايتۇرۇپ بەر
بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىدىغان جايىمنى بىلەي
-شېھىتلەرسىز ئۆتتى بىر كۈن-
ئاۋازىمنىڭ خەرىتىسىنى قايتۇرۇپ بەر
قىزلار رەسىمىنى سىزىدىغان ناخشىچىنىڭ
ئاۋازىنى ئۇلار مۇسادىرە قىلىۋالدى
-شېھىتلەرسىز ئۆتتى بىر كۈن-
ئىككى بوشلۇق ئارىسىدا ساڭا ۋە سەندە مېڭىپ يۈرىمەن
كۆرۈپمۇ باقمىغان ئىسپىرمىدىن تۇغۇلىمەن
جەسىدىمدە ۋە ئايدا ئويناپ يۈرىمەن
نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟
بارچە ۋەتەن ئەينەك
بارچە ئەينەكلەر تاش
نېمىشقا بۇ سەپەرگە چىقماقچى بولىمىز؟

**ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇرۇللاھ**

# شېئىرلار

ئالىمجان مەتقاسىم (غەمناكى)



## قەلبىمدە ئۆلگەن بىرى بار

بۇ ئىچىمدە ئۆلگەن بىرى بار ،
قەلبىمگە مەن كۆمدۈم بۇ ئاخشام.
قەبرىسىنى ياشتا يۇيدىم ،
ۋە بېشىغا تىكتىم بىر تال شام.

زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرىگە،
پۇشايماندىن ياسىدىم قەدەھ.
ۋە ئىچىگە قۇيدۇم قېنىمنى،
ئىچىپ ئۆلدى گۈزەل پەرىشتە.

مەن ھەممىنى كۆمدۈم قەلبىمگە ،
جانانىمنى،جېنىمنى ھەتتا.
ئۆز تېنىمنى قىلدىم بىر زىندان،
يىغلىغانچە قالسۇن بۇ دۇنيا.

## چوغگۈل

بۇ قوقاسقا مىلەنگەن كېچەمدە ،
سېنى ئۇيلىماي دىسەممۇ مۇمكىن بولمىدى.
كۆزلەر ئۇيقۇدىن بىدار
يۈرەككە جۈپ خەنجەر قادالغان ئىدى.
يىراقتا مەندىن چوغ سوراپ كەلگەن قىز
ئاستا ـ ئاستا كىرمەكتە ئىدى غېرىب خانەمگە
قولىنى ئۇزاتتى،مەندە چوغ يوق
كۈل بولغان كەچمىشىمنى تۇتقۇزدۇم ئاڭا،
بىر مەجھۇل زۇلمەتكە كىرىپ كەتتۇق
مەن يۈلتۇزغا ئايلاندىم ،
ئۇ بولسا چوغقا.

## ئارىلىق

مەن ساڭا بىر كېچە قالغاندا ،
پۈتۈن كەچمىشلەر كەلدى قارشىمغا.
مەن ساڭا بىر ئۆمۈر قالغاندا ،
ھېچكىم يوق ئىدى بۇ دۇنيادا.

ۋىسالغا يەتمەك بولدى قىيىن،
ئارىلىقىمىز ھەم ئۇزۇن ھەم يېقىن.
بىر پەردە بار بىزگە كىرگەن،
كۆزلەردە ھەم كەپسىز ئېقىن.

مەن ساڭا بىر كېچە قالغاندا ،
ئۆلۈپ قالىمەن ۋىسال ئالدىدا.

## قەلبىمدىكى غېرىب قەبرىدە

قەلبىمدىكى يالغۇز قەبرىدە ،
بىر سۇبھىنىڭ جەسىتى ياتار.
باشلانمىغان بىر مەسەل كەبى
گۈل تۇتقانچە مۇڭلىنىپ باقار.

ئۆز ئۆزىگە پالانغان تەندە ،
مەن بۇ كېچە ئۇتقا ئىنتىزار.
كۈل بولماقچى غېرىب ۋەتەندە،
كۆيۈپ ـ كۆيۈپ ھاردى بۇ بىمار.

پىچىرلىشىپ يارنىڭ مەڭزىدە،
يىپ ئەشمەكتە بىر جۈپ ھازىدار.
مەن ئۆلتۈردۈم بەلكىم ئۆزىمنى
ئاسماقچى ئۇ يىپنى قىلىپ دار.

ۋىسالغا يېتەلمەي ھەر كۈن،
سېغىنىشتا چەكتى كۆپ ئازار.
قەلبىمدىكى غېرىب قەبرىدە،
بىر سۇبھىنىڭ جەسىتى ياتار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى يىل تۇيغۇلىرى

ئالماس ھاجى

قان يۇراپ،
دەھشەت ئىچىدە،
قانچە جانلارنى
ئېلىپ كەتتى كونا يىل.
يېڭى يىلدا
بەرگەن بىر ياشنى،
تولدۇرۇپ
مەزلۇملەرنىڭ كۆز يېشىغا،
ئەلەم ۋە دەرتتە
يۈرەكلەرنى مۇجۇپ-مۇجۇپ،
كەتتى يەنە كونا يىل.
يەنە ئاداشتۇق
ھېسابىمىزنى توغراقلالماي،
قەرز مۇنچاقلىرىنى
بوينىمىزغا ئېسىپ قويۇپ،
ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي
كېتىپ قالدى ئەنە كونا يىل.
ۋادەرىخا،
ئەجەپ بولدۇق،
شۇنچە يىللار ئۆتتى كەتتى،
تاپالمىدۇق ئۆزىمىزنى،
يا بىلمىدۇق
ماڭار توغرا يولىمىزنى،
نەشتەر سانجىپ يۈرەكلەرگە،
قان چاچرىتىپ يۈزىمىزگە،
دەھشەت بىلەن
ئۆتۈپ كەتتى يەنە بۇ يىل .
يېڭى يىلنى كەلدى دەپ
باشقىلار
دۇمباق چالسا،
چالغۇ سازلاپ،
خوشلىقىدىن ناخشا ئېيتسا،
بىزگە ھېچبىر
يېپيېشمىدى خۇرسەن ھېسلار،
گويا بىزگە
ھومايغاندەك،
كۆزگە ئىلماي
گېدەيگەندەك،
كىرىپ كەلدى
غادايغانچە يېڭى بىر يىل.
تۇزاك قونغان ئۈمۈتلەرگە،
ئارزۇلارمۇ چېچەك ئاچماي،
يېڭى يىلنىڭ ھېممىتىدە
چۈشتى يۈك بوپ يەلكىمىزگە.
قار بوۋايمۇ
چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ،
كۆزلىرىنىڭ قۇيرىقىدا
قاراپ قويدى بىز پەقىرگە.
«ئاغرىنمىغىن،
ھەم قاخشىما،
يىلدىن، بىزدىن،
سوئاللارنى قويغىن ئۆزۈڭگە.
ئەجدادلىرىڭ شۆھرىتى -نامى،
قالدى تارىخ بەتلىرىدە،
ساڭا قالسا،
نىمە يازدىڭ سەن ئۆزۈڭگە؟
ئەمدى ئەقلىڭ بېشىڭغا كەلسۇن،
ئەيىپلىمە
ساڭا پۇرسەت بەرگەن يىللارنى،
ئەيىپلىمە
يىغلاپ- قاخشاپ،
قېرىندىشىڭنى،
بۇرادىرىڭنى،
سوئال قويغىن
ئالدى بىلەن پەقەت ئۆزۈڭگە»
يەنە بىر كەررە
ۋادەرىخا
كەل قېرىنداش ئۇيۇشايلى،
يېڭى يىلدا،
تۇزۇپ يېڭى سەپ،
بۇزالمىسۇن سەپنى دۇشمەن،
بۆلەلمىسۇن
خائىنلارمۇ ،ساتقىنلارمۇ،
شۇچاغ زەپەر
قۇچاق ئاچار بىزلەرگە.
سەپەر مۇشكۇل ،
مەنزىل يىراق بولسىمۇ
يېتەلمەيمىز
بىر كۆزلىگەن
نىشانغا ھەم مەخسەتكە ،
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى
تىكلەپ ئانا ۋەتەنگە.
2019 - يىلى 1 - يانۋار

# ھايۋاناتلارغا ئائىت ماقال ـ تەمسىل ۋە ئىدىيوملار

## «ئانا تىل» تورىدىكى قېرىنداشلار توپلىغان

نادانغا قىلىنغان ئەقىدە ، ئېشەككە مۇرابىبا بەرگەنگە ئوخشاش.
ئېشەك پۇتى كىرىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتمەس .
ئېشەك ھاڭرىغان ،داپ داراڭلىغان يەردە يۈرمەك.
ئېشەك چېغىدا ياتقان يېرىنى سۆيۈپۇرەر.
ئات ،ئات تەپكەننى ھار ئالماي ، ئېشەك تەپكەننى ھار ئاپتۇ.
ئات تەپكەن يامانمۇ ؟ ئېشەك ؟
ئات تاپقىچە ئېشەك مىنى.
ئات ئوقۇرى بىلەن ، ئېشەك توقۇمى بىلەن.
ئىت قاۋار، كارۋان يۈرەر.
ئىتنىڭ يۈزىدە تۈكى بار.
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاشقىچە.
سەھەر ھاۋشىغان ئىتتىن قورق .
ياخشى ئىت يېرىم مال.
ئېشەكنىڭ ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال.
ئېشەك سەمرىسە ئوقۇرغا چىچار.
ئات ھېرىپ قالسا بىر پىچاق، ئېشەك ھېرىپ قالسا بىر چۆچەك قوناق.
ئېشەك كۆل تاپسا ئېغىنار.
مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.
ھورۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر.
ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس.
تەخەيلىك ئېشەك پاساڭغا يارىماس.
جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ.
ئۆلەرمەن ئېشەك ئولتۇرۇپ تەپەر.
خېچىرنىڭ نوچىلىقىنى سايدا كۆر، تاماشىسىنى لايدا.
بۆرە قېرىسا ئىتلىقى بار
بۆرە بالىسى تاقىقا قاراپ ھۇۋلار.
ئون ئىتتىن بىر بۆرە ياخشى.
ئون ئىتقا يىگۈزگەندىن ، بىر بۆرىگە يىگۈزگەن خوپ.
ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ.
ئىت گادايدىن قورقىدۇ، گاداي ئىتتىن.
ياۋ ياقىدىن ئالار، ئىت ئېتەكتىن.
ئىت يېنىدا سۆڭەك ياتماس،سۆڭەك ياتسا بىكار ياتماس.
ئىت ئىتلىقىنى قىلمىسا كۆڭلى تىنماس.
ئىت كاللىسى تەخسىدە تۇرماس.
ئىتنى قاۋايدۇ دەپ ئاغزىنى كەسكىلى بولماس.
ئىتنىڭ ئاغزىغا سۆڭەك تاشلا.
ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ.
ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە يۇقماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتنىڭ قارغىشىدا پىت ئۆلمەس.
ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق.
ئىت ھاۋشىپ_ ھاۋشىپ سەھەر ئۇخلار.
تاسما يىگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگۈچە.
ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە، ئاتنى تەپمەيدۇ.
سىرلىساڭ سىرلىق ئاياق، سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق.
ئىت قوغلىسا سۇغا، يىلان قوغلىسا قۇمغا، تۆگە قوغلىسا تاقىقا قاچ.
بۆرىنى ئايىساڭ قويلىرىڭغا زىيان.
بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان.
بۆرىنىڭ بالىسى بۆرە.
بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس،ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.
بۆرە ھەمرايىغا قەست قىلماس،بۆرىدىن قورققان قوي باقماس.
بۆرە قېرىسىمۇ قويچىلىكى بار.
ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى.
ئېشەكنى سورۇنغا باشلىساڭ ئېغىلغا قارايدۇ.
شاھقا يارىغان بېشىم، ئېشەككە يارىماپتۇ .
ئاتا كۆرۈپ ئات ئال، ئانا كۆرۈپ قىز ئال.
ئاتنەڭ تەپكىنىگە ئېشەك چىدايدۇ، ئېشەكنەڭ تەپكىنىگە ئات چىدىمايدۇ.
ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار.
ئېشەكنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغانمۇ يۇلغان !
ئېشەكنىڭ قوڭىغا ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى قاقلا!
ئىت ئۆز قوۋمى بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايدۇ.
ئىت قورققاننى چىشلەيدۇ.
ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ،يىلان قوغلىسا قۇمغا قاچ.
ئىت ئۆز يالىقىدىن قىزغىنار.
ئىت مۈشۈكنى بۆيرىسا ،مۈشۈك قۇيرىقىنى بۇيرۇپتۇ .
ئىتنىڭ سۆرى باغلاقتا،ئادەمنىڭ سۆرى سالماقلىقتا.
ئىتنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى تۈلكە ياقتۇرماس.
ئىت ھۈرەر،كارۋان يۈرەر..
ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋايدۇ .
ئىت ۋاپا خوتۇن جاپا .
ئىگىسىنى سېغىنساڭ ، ئىتىغا سۆڭەك سال .
ئىتنىڭ چىش ئاغرىقىغا ، ئېشەك گۆشى دورا بوپتۇ .
ئىتتىن سۆڭەككە قەرزدار ، چاشقاندىن كېپەككە .
ئىتنىڭ ساددىلىقىدىن ، تۈلكە تۆرگە چىقىۋاپتۇ .
ئىتنىڭ قارغىشى بۆرىگە يۇقماس.
ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس .
تاينى باقسا ئات بولار، بۆرىنى باقسا يات بولار.
بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.
بۆرە يۈڭىنى ياخپايتىپ،ئورۇقلۇقىنى بىلدۈرمەس.

# ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Dog eat dog world
1. چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەيدىغان (رەزىل) دۇنيا

Fight like cats and dogs
2. ئىت-مۈشۈكتەك ئۇرۇشۇش

As weak as a kitten
3. يىڭنە يىگەن ئىتتەك ئاجىز/ئورۇق

Play cat and mouse with someone
4. مايمۇن ئويۇنى ئويناش

Rain cats and dogs
5. ئاسماندىن چېلەكلەپ يامغۇر يېغىش

A wolf dressed in sheep's clothing
6. قوي تېرىسىگە يۆگىنىۋالغان بۆرە

To throw someone to the wolf
7. بۆرىگە تاشلاپ بېرىش

wolf down
8. ئاچ قالغان بۆرىدەك ھالىمۇسلاپ يېيىش

You can't teach an old dog new tricks
9. سۆت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار

Every dog has its way
10. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈت بار.

A dog life
11. ئىتنىڭ كۈننى كۆرۈش

Donkey's year
12. ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە

get off one's high horse
13. ئاتتىن چۈسسىمۇ ئىگەردىن چۈشمەس

!Look before you leap
14. يەتتە ئويلاپ بىر كەس!

What comes around goes around
15. بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە ، ھازىر بوسۇغا ئاتلاپ كەلىدۇ.

A friend in need is a friend indeed
16. دوستىنىنىڭ دوسلۇغى بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.

Out of sight, out of mind
17. كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

.Kill two birds with one stone
18. بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش.

Make a long story short
19. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى/ گەپنىڭ پوس كاللىسى.

When pigs fly!
20. ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىش

to eat like a horse
21. كالىدەك يېيىش

to work like a dog
22. ئېشەكتەك/كالىدەك ئىشلەش

the black market
23. قاراڭغۇ بازار

be in seventh heaven
24. خوشاللىقتىن ئۆزىنى جەننەتتىكىدەك ھېس قىلىش

Between a rock and a hard place
25. ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قېلىش

A leopard can't change its spot
26. قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ

Let the cat out of the bag
27. ئاخشىمى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاقتا ياق، كۈندۈزى گەپ قىلساڭ 4 ئەتراپىڭغا باق.

Play it by ear
28. كېيىنىنى سۇنىڭ قىشىغا بېقىپ ھەيدەش، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

Sleep on it
29. يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس

Back to drawing board
30. نۆلدىن باشلاش

Don't cry over spilt milk
31. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات

Every cloud has a silver lining
32. خاپىلىق بىلەن خوشاللىق قوش كىزەك

Don't put all your eggs in one basket
33. بىرىدا پولدۇرۇك پولدۇرۇك، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك

See eye to eye
34. ئىش ئۆملۈكتە كۈچ بىرلىكتە

Sit on the fence
35. يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس

Steal someone's thunder
36. سۆنى لىيتىپ بىلىق تۇتۇش

Taste your own medicine
37. ئۆتنە جاھان

What goes around what comes back
38. نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن

Let sleeping dog lie
39. ئوتنىڭ ئۈستىگە ماي چېچىش

It takes two to tango
40. چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ

hit the nail on the head
41. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلىش

Hold your horse
42. ئۆزەڭنى بېسىۋال

Ants in the pants
43. جىددىيلىشىش، ياكى ھاياجاندىن سەكرەپ جىم تۇرالماسلىق

Smell a rat
44. گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

When pigs fly
45. خام خىيال قىلماق

Cry crocodile tears
46. ئاغزىدا كۆلكە چاخچاق قوينىدا پالتا پىچاق

Not my cup of tea
47. مېنىڭ خىلىم ئەمەس، مېنىڭ لايىقىم ئەمەس

Don't judge the book by its cover
48. ئادەمنىڭ ھېلىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ھېلىسى تېشىدا

Dogs are man's best friend
49. ئىت ئەرلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى

You can't teach a new trick to an old dog
50. سەن بىر ئادەمنى ئۆزگەرتەلمەيسەن

Dog days of summer
51. يازدىكى ئىسسىق كۆنلەر ياكى تونۇردەك ئىسسىق

In the doghouse
52. ئەر خوتۇن ئوتتۇرسىدىكى جىدەل ماجرا ياكى ئاتا ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرسىدىكى خاپىلىق

My dogs are barking
53. پۇتۇم ئاغرىۋاتىدۇ

A doggy bag
54. مېھمانغا بارغان يەردىن بېلىۋالغان زەللە

Sick as a dog
55. قاتتىق ئاغرىپ قېلىش

Like a dog with two tails
56. خوشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يېتىش

Every dog has its tail
57. ھەر قانداق ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە تەلەيلىك

Underdog
58. يېڭىلىپ قېلىش ئېھتىماللىغى كۆپ

«ئانا تىل» توپىدىن چۆغلۈق ، بۇمەرىيەم ، مەلىكىزات قاتارلىقلار تەييارلىغان



# ئۇيغۇر رەسسامى مەرۋايىت ھاپىزنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقئارا كۆرگەزمىدە




تالانتلىق ئۇيغۇر رەسسامى مەرۋايىت ھاپىز ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان رەسساملاردىن بىرى بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، رېئاللىقا يېقىن ۋە يۈكسەك سەنئەت ماھارىتىگە ئىگە.

مەرۋايىت ھاپىز خانىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن يۇرتىمىزنىڭ مېۋىلىك باغلىرىنى ،ئېتىزدا تەر تۆكۈپ كەتمەن چېپىۋاتقان دېھقان تاغىمىزنى، باغلاردا كەچتە تىكىپ ئولتۇرغان ئانىمىزنى ۋە مەھەللە بازىرىدىكى ئاۋات مەنزىرىلەرنى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى، مېھرى ئىللىق كوچا ـ كويلارنى، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن توپىلىق يوللارنى، خولۇم ـ خوشنىلارنىڭ تەسۋىرلىرىنى كۆرگەندەك تەسىراتقا ئىگە بولىمىز.بۇ ئەسەرلەر بىلەن يىراقتىكى ۋەتىنىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى سېغىنىش ھېجرانلىرىمىزنى ئورتاقلىشالايمىز.

مەرۋايىت ھاپىز ۋەتىنىمىزنىڭ قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلغان بولۇپ، رەسىم كەسپىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز كەسپىدە ناھايىتى يۇقىرى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ ، ئۇستازلارنىڭ قوللىشى ۋە ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. كېيىن كەسپىي ھاياتىدا تېخىمۇ يۈكسىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ گېرمانىيەگە جايلىشىدۇ.

چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن يەنىلا شۇ ۋەتەندە پۇرىغان گۈل ـ چېچەكلىرىنى، ئاياق ئىزلىرىنى قالدۇرغان

تەكلىماكان قۇملۇقىنى ، ئانىسىنىڭ تەۋرەتكەن بۆشۈكىنى، دادىسى بىلەن بىللە قاتناشقان مەشرەپتىكى ھېپىزلارنى سىزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. رەسسامنىڭ ئوزۇقى ۋە ئىلھامى يەنىلا شۇ تۇپراقتىن كەلگەنىدى.مەرۋايىت خانىم  تىرىشىش نەتىجىسىدە گېرمانىيە جەمئىيىتىدىكى رەسساملار ئارىسىدىمۇ تونۇلۇپ، ئەسەرلىرى غۇلغۇلا قوزغاشقا باشلايدۇ ۋە كۆپلىگەن يەرلىك گېزىت-ژۇرناللاردا مەخسۇس سەھىپىلەردە تونۇشتۇرىلىدۇ.رەسسام يەنە قازاقىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ  تەكلىپ بىلەن بىرقانچە قېتىم شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى ئېچىپ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ ۋە  ئۇيغۇرلارنى تونۇتىدۇ.

رەسسام مەرۋايىت ھاپىز ھازىر گېرمانىيە مىيۇنخېن زامانداش رەسساملار جەمئىيىتى ۋە گېرمانىيە دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

مىيۇنخېن زامانداش رەسساملار جەمئىيىتى 1868 -يىلى قۇرۇلغان بولۇپ،خانلىق جەمەت ئىمتىيازىغا ئىگە.

بۇكۆرگەزمە 2019 -يىلى 7 -مارتتىن 31 -مارتقىچە مىيۇنخېن شەھەرلىك مىسىر سەنئەت مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۆرگەزمىنىڭ 12 كىشىدىن تەشكىل تاپقان مۇتەخەسسىس گۇرۇپپىسى بولۇپ، ھەر يىلى گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كۆرگەزمىگە ئەسەر قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يوللانغان رەسىملەر ئىچىدىن ئەڭ نادىر ئەسەرلەرنى تاللاپ كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرىدۇ.

رەسسام مەرۋايىت ھاپىز خانىم 2005 -يىلى «قۇياش، ئىنسان ۋە زېمىن» ۋە «قەدىمىي كوچا» ناملىق ئەسىرى بىلەن بۇ جەمئىيەتكە تونۇلغان بولۇپ، شۇندىن ئېتىۋارەن كۆپ قېتىم رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە ئەسەرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ ۋە ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان رەسىم كاتالوگىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

رەسسام مەرۋايىت خانىمنىڭ ئەسەرلىرى ھەر ۋاقىتتىكىدەكلا كۆرگەزمىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتتى ۋە يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى.

رەسسام ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنى مۇنۇ جۈملىلەرگە يىغىنچاقلايدۇ:سەنئەت - روھ، سۆيگۈ ۋە ھىجران.

نەۋباھار (شىۋېتسىيە)












كۆرگەزمىدىن خاتىرە سۈرەتلەر، 2019 - يىلى مىيۇنخېن، گېرمانىيە.



# قازاقستاندا ئابدۇمېجت دۆلەتوۋنى خاترلەش يۈزسىدىن «باھار قايتىدۇ» ناملىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى

قازاقستاننىڭ چىلەك ناھىيسىدە 3 -ئاينىڭ 30 -كۈنى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇمېجىت دۆلەتوۋنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان «باھار قايتىدۇ» ناملىق شېئىرىيەت فېستىۋالى ئۆتكۈزۈلدى. بۇيىل شائىرنىڭ 70 يىللىق تەۋەللۇتى بولغانلىقى ئۈچۈن ،خاترلەش پائالىيتىگە ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزى، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەلىك بىلىم بۆلۈمى، «ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى قوللاش» فوندى، ئەمگەكچىقازاق ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزى ۋە چىلەك يېزىسىدىكى ئا.روزباقىئەۋ نامىدىكى مەكتەپنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە قوللاپ-قۇۋەتلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى .پائالىيەت چىلەك يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىدە تەنتەنىلىك ۋە قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. خاترلەشكە قاتناشقۇچىلار ئالدى بىلەن شائىرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە مەرھۇمنىڭ روھى ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئوقۇغۇچىلار شائىرغە بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شائىرنىڭ قەبرىسىگە گۈللەر قويدى.

پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار چىلەك يېزىلىق مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ئالدىدا ماھىر سازەندە ئابدۇسەمەت ۋاسىلوۋنىڭ باشچىلىقىدىكى ناغرىچىلار تەرىپىدىن داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىندى. پائالىيەت ئا.روزباقىئەۋ نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىيات مۇئەللىمى نادىرا تەيىپوۋا شائىرنىڭ تەرجىمھالى، پائالىيتى ۋە ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، چىلەك يېزىسى ئوكرۇگى ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى مادى بەكتاسوۋقا ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى جەمشىت روزاخۇنوۋ، جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەرشات ئاسىمەتوۋ، ج.ئۇ.ئە.م ئالمۇتا شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابايدۇللام جاپپاروۋ، يازغۇچى گۈلبەھرەم ھوشائەۋا، «ۋارى» ئەدەبىي-ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋىلىيام مولوتوۋ ۋە باشقىلار ئا.دۆلەتوۋ ھەققىدە ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى قوللاش» فوندىنىڭ مۇدىرى، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئالىمجان تىلىۋالدى فېستىۋالغا تەييارلىق قىلىش جەريانى ھەققىدە توختالدى پائالىيەتنى قوللىغان ھەممەيلەنگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا، مەخسۇس ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن 52 ئەسەر تاللىنىپ، پائالىيەت جەريانىدا ئەسەرلىرى تاللانغان ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى مېھمانلار ئالدىدا ئوقۇپ ئۆتتى ۋە باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بويىچە ئەڭ ياخشى ئەسەرلەر مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇمېجىت ۋارىسئوغلى ئابدۇللايېۋ (قازاقستان)

www.uyghurkitap.com

پائالىيەتتىن كۆرۈنۈشلەر.

















# «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كىرىل ھەرپلىك نۇسخىسى تۇنجى قېتىم قازاقىستاندا نەشر قىلىندى


نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىي جەريان داۋامىدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە سانسىزلىغان ماددىي ۋە مەدەنىي بايلىقلارنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئەمگەكچان، ئىجاتكار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى، مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر جامائەت ئەربابى مەھمۇد قەشقەرىي ياراتقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنىڭ بىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دۇر. مەھمۇد قەشقەرىي پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنى توپلاپ يېزىپ چىققان بۇ شاھانە ئەسەر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق تېپىلماس بايلىق. تۈركىي تىللارنىڭ مۇجەسسەمى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى پەقەتلا «تىل لۇغىتى» دەپلا قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ تۈركشۇناسلىق ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە تارىختا ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان، ئىلىم-پەننىڭ ھەممە تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس، ئىلىم-پەن ساھاسىدە ئاز ئۇچرايدىغان زور ھەجىملىك يېگانە ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، ئىلمىي قىممىتى تەڭداشسىز ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بولغان.

2018 ـ يىلى ئالمۇتىدا دۇنيا تۈركولوگىيە ساھاسىدىكى بۇ يېگانە گۆھەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۇنجى

قېتىم كىرىل ھەرپى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. مەزكۇر ئەسەرنى كىرىل ھەرپىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلىغان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جانكۆيەرى سادىقجان ھاجىم يۇنۇسوۋ بولۇپ، ساخاۋەتلىك ئىنسان سابىت ھاجىم يۈسۈپوۋنىڭ خىراجىتى بىلەن نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ھەقسىز تارقىتىلدى.

ئانا ۋەتىنىمىزدە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى، مىللىي مەدەنىيىتى، تىلى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى،ئېتنوگرافىيە، قائىدە-يوسۇنلىرى ۋە دىنىمىزغا ئائىت 40 تىن ئوشۇق ئەسەرلەرنى كىرىل ھەرپىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلىغان . ئوقۇرمەنلەر، جۈملىدىن تىلشۇناس ئالىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەۋسىيە قىلغان سادىقجان ھاجىم يۇنۇسوۋ، خەلقىمىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرىنىڭ نەسرىي يەشمىسىنىڭ كىرىل يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىنى سۇنماقچى.

مۇنەۋەر يۇنۇسوۋا (قازاقىستان)


түркләр “ала қаға”ни “чумғуқ” десә, улар “чумуқ” дәйду, түркләр “тамақ, боғуз”ни “тамғақ” десә, улар, “тамақ” дәйду; пеилларға мисал: түркләр “у өйгә бариверидиған адәм” дегән жүмлини “ол әвигә бараған ол” десә, оғузлар шу жүмлидики “бараған ол” дегән ибарини “баран ол” дәйду; түркләр “у қулини уруверидиған адәм у” дегән жүмлини “ол әр қулини ураған ол” десә, оғузлар шу жүмлидики “ураған” сөзини “уран” дәйду. Шуниңдәк йеник болсун үчүн, оғузлар исим вә пеилларда “ғ”ниң орнидики “г”ниму чүшүрүп қойиду.

Һәммә түркий тиллардики асасий қаидиләр шу, қалған қаидиләрни өз орнида сөзләймән. Мән китавимни йеник вә ихчам қилиш үчүн, зәммилик, фәтһилик, кәсрилик сөзләрни, йәни “әлиф – (ا)” билән башланған сөзләрни һәр бапта бир йәрдә бәрдим. Пүтүн күч-кувәт улуқ вә йүксәк тәңригила хас!


МАХМУТ ҚӘШҚӘРИЙ

ТҮРКИЙ ТИЛЛАР ДИВАНИ

(ДИВАНУ ЛУҒАТИТ ТҮРК)

Муһәррир: *Мунәввәр ЮНУСОВА*
Нәширгә тәйярлиған вә компьютерда тәргән: *Садиқжан ЮНУСОВ*
Техникилиқ муһәррир вә дизайн: *Шахниза ЮЛДАШЕВА*

Бесилишқа 28.09.2018-ж. қол қоюлди.
Офсет қәғизи 80 гр.
Һәрип түри Times New Roman
Һәжими 32 б.т.
Тарилими 1000 нусха
Заказ № 3965.

«МИР» нәшрият өйи.
Алмута шәһири, Жибек-Жолы кочиси, 64, офис 803
Алақә тел: +7 (727) 273-39-89, 328-12-66

Тапсырыс берушінің файлдарынан Қазақстан Республикасы «Полиграфкомбинат» ЖШС-нде басылды.
050002, Алматы қаласы, М. Мақатаев көшесі, 41.

قازاقىستان «مىر» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.


كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچى:
ھۆرمەتلىك سادىقجان يۇنۇسوۋ ئاكا (81 ياش)






ئاپتورى: گۈلنار ئىمام
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇۋەلى ئايۇپ
ئابدۇلئەھەد، خەندان
كوررېكتور: ئابدۇلئەھەد، خەندان
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئىلمنۇر ئەفۋان
بەت لايىھەلىگۈچىلەر: گۈلنار ئىمام
نىجات ئۇمىدۋار

تاشئالما ئانا تىل دەرسخانىسى نەشىر قىلىپ تارقاتتى.

TEL: 0047-94297933

www.tashalma.com

E-mail: anantil@tashalma.com

بىلىگيار باسمىچىلىقىدا بېسىلدى.

2018- يىلى 8- ئاي 1- نەشرى

# باللارنىڭ ئۆلچەملىك «ئىلپىپە» سى

نورۋېگىيە تاشئالما ئانا تىل دەرسخانىسى ئوقۇتقۇچىسى گۈلنار ئىمام تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىلپىپە» كىتابى، 2018 -يىلى 8 -ئايدا نەشر قىلىندى. بۇ ئىلپىپە چەتئەلدە ۋە ۋەتەن ئىچىدە نەشر قىلىنغان ئىلپىپەلەرگە ھەمدە 2016 – يىلدىن بېرى ئانا تىل تور دەرسلىرىگە قاتناشقان ئاتا-ئانىلار ۋە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىجابىي پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تۈزۈپ چىقىلغان. ئىلپىپە كىتابى غەرب ۋە شەرقنىڭ پېداگوگىكا پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ قوبۇل قىلىش سەۋىيەسىگە ماس كېلىدۇ.

ئىلپىپە كىتابى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، قەدەممۇ-قەدەم ئەڭ ئاددى بولغان مەزمۇنلاردىن باشلىنىپ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. بۇ جەريانلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاۋۇش ئۇقۇمى، ھەرپلەرنى تونۇش، بوغۇم قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابتىكى ھەرپلەر ۋە شەكىللەر باللارۋە تونۇشلۇق بولغان كونكرېت شەيئىلەرنىڭ رەسىملىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتاب باللارنى تۆرلۈك رەڭ دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. باللارنىڭ ئاسان ئەستە تۇتۇۋېلىشىنى مەقسەد قىلغان ھالدا، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تىلى ئاددىي ۋە ئىخچام. بۇنىڭدىن سىرت تارىخي قەھرىمانلىرىمىز ھەققىدە يېزىلغان قىسقا تېكىستلەر ئارقىلىق باللارنىڭ مىللىي روھىنى ئويغىتىشنى نىشان قىلغان.

كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، باللارنىڭ ساۋات چىقىرىش سۈرئىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەكتەپ ۋە ئائىلىلەردە «ئىلپىپە» كىتابى باللارنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ كەلمەكتە.كىتاب نورۋېگىيە دۆلەتلىك كۈتۈپخانىسىدىمۇ ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com




# «32 ھەرپنىڭ پەسلى» ـ ھەرپلەرنىڭ ھېكمەت خەزىنىسى

1933 -يىلى غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئايخان ئانا قۇرغان يېتىم بالىلار ئۈچۈن سالدۇرغان « غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى»، خەلق ئارىسىدا « ئايخان مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. ئايخان ئانىمىزنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولغان تۈركىيەدىكى«ئايخان» تىل تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى خەندان مۇئەللىم تەييارلىغان «32 ھەرپنىڭ پەسلى» ناملىق كىتاب 2019 – يىلى -2 ئايدا ئىستانبۇلدا نەشىردىن چىقتى. بۇ كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، خەندان مۇئەللىمنىڭ دەرسلىك خاتىرىسى سۈپىتىدە يېزىلغان. كىتابنىڭ مەزمۇنى 11-5 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىشنى ئاساسلىق تېما قىلغان. كىتابتا، ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىلنى توغرا سۆزلەش ، يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىتىش جەريانى ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ،كىتابتا مۇئەللىم بىلەن بالىلارشۇنداقلا بالىلار ئارىسىدىكى سەممىي سۆھبەتلەرمۇ ئورۇن ئالىدۇ. كىتابنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى خۇددى شۇ دەرسكە قاتنىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا تىل ئۆگىتىشتىن سىرت يەنە رەسىم سىزىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ماھارەتلەرنى قول سېلىپ ئىشلەپ، بالىلارنىڭ ئىجاتچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي مىراسلىرىمىز ھەققىدىكى مەزمۇنلار بالىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇشتا تەشەببۇسكارلىق رولنى ئوينايدۇ.

«32 ھەرپنىڭ پەسلى» ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدا مەكتەپ ۋە ئائىلىلەردە «ئېلىپبە» كىتابىدىن كېيىن قوللىنىشقا ماس كېلىدىغان بولۇپ، كىتاب مەنبەسى كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ياردەمچى بولۇپ كەلمەكتە.




# «ئۇيۇنلار ۋادىسى تۈركىيە»بىزگە بىر كارتىنا ياراتتى

«ئۇيۇنلار ۋادىسى تۈركىيە»، ئاپتورى ئابدۇۋەلى ئايۇپ.بۇ كىتابقا جەمئىي 66 ماقالە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاپتورنىڭ تۈركىيەدە ئۆزى يولۇقتۇرغان، گۇۋاھچى بولغان ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن يېزىلغان. ماقالىلار ئاساسەن بۇرۇن نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، شۇ ماقالىلار ئىچىدىن بەزى ماقالىلار تاللىنىپ كىتابلاشتۇرۇلۇپ، 2018 – يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان. كىتابتا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر بولسا، ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تۈركىيە ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە . مەسىلەن، تۈركىيەدە تىجارەت قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن « تۈركىيەدە شىركەتنى قانداق قۇرىمىز؟» ناملىق ماقالىدە، ئىگىلىك تىكلەش پىلانى بولغانلار ئۈچۈن ئۇچۇر بېرىلگەن. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تەتقىقاتى ھەققىدە يېزىلغان «تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇر ئاۋازى» ناملىق ماقالىسىدە، ئۇيغۇرچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ھەققىدە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىلگەن. «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۈركىيەدە» ناملىق ماقالىدە، تۈركىيە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالىمى، شائىر ۋە سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەر چۈشەندۈرۈلگەن. « ئىستانبۇلدىكى قەشقەر دەرگاھى» ناملىق ماقالىدە، بۇنىڭدىن 250 يىل بۇرۇن تۈركىيەگە كېلىپ ياشىغان قەشقەرلىك شائىر ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئىلىم ئاشىقى ئابدۇللا ئەپەندى تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىنا قىلىنغان دەرگاھ تونۇشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى تۈردىكى ماقالىلەردە ، تۈركىيە ۋە چەتئەللەردىكى بەزى ئادەتلەر بىلەن ۋەتىنىمىزدىكى ئادەتلەر سېلىشتۇرۇلغان. سېلىشتۇرما نەتىجىسىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ شەخسى كۆز قارىشى ۋە يەكۈنلىرىنى يازغان مەسىلەن، «ئۇيغۇرلاردا يوق ئۈچ غەلەت»، « يۈز يىلدىن بۇيانقى شۋېتلار ۋە ئۇيغۇرلار»، «مىللەتلەشكەن تۈركلەر ۋە يېرىم يولدىكى ئۇيغۇرلار» قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى تۈردىكى ماقالىلار بولسا تۈركىيە جەمئىيىتى ھەققىدىكى تېمىلار بولۇپ « ئۇيۇنلار ۋادىسى تۈركىيە»،

www.uyghurkitap.com

«تۈركىيەنىڭ كۆچى» ۋە «تۈركىيىدە داربە ۋە شەرققە بۇرۇلۇش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى تۈردىكىلىرى بولسا ، ئاپتورنىڭ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بەزى خىزمەتلەرگە بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي كۆز قارشى ۋە تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، «تۈركىيەدە كىملەر ئوقۇپ كىم ئاشتى» ناملىق ماقالىدا تۈركىيەدىكى مۇكاپاتلىق ئوقۇش ھەققىدە تەپسىلى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا مىللىتىمىزدىكى بەزى ناتوغرا ئىللەتلەرنى كىنايە ئۇسۇلى ئارقىلىق تەنقىد قىلىدۇ. مەسىلەن، « تۈركىيەدىكى ئىككى ئايرىلالماسلىق» ناملىق ماقالىدە، ئانا تىلىمىزنى بۇزۇپ ئىشلىتىشكە بولغان نارازىلىقنى بايان قىلىدۇ.

ماقالىلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن تەربىيەۋىي ئەھمىيىتى ۋە قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلارنىڭ ھەر بىرى،مۇستەقىل ۋە ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ۋە زىددىيەتلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۆز ئەھۋالىمىزغا قاراپ قانداق توغرا تەتبىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.


# «تەپەككۇر ۋە تۇزاق»تىن تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

«تەپەككۇر ۋە تۇزاق»ناملىق بۇ كىتاب ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ 2018 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلدۇرغان ئىككىنچى ماقالىلار توپلىمى بولۇپ، بۇ كىتابقا 60 ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلار مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك بولۇپ ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسەن ئاپتور ئۆز كۆز قارىشىنى ۋە يەكۈنلىرىنى يازغان. يەكۈنلىرى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت، تارىخىي ماتېرىياللار، ئۆرپ-ئادەت،مىللىي مائارىپ ساھەسىدە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئىزاھلىغان.

«ئالتۇن كەشنى ئوقۇپ» ناملىق ماقالىدا،ئاپتور بۇ رومانغا بولغان تەسىراتىنى يازىدۇ ۋە مۇنۇ جۈملىلەر بىلەن باشلايدۇ: « ئوقۇرمەننىڭ بىر كىتابنى ئوقۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئۆزىدە بار بىلىم، مەلۇمات ۋە ئەسلىملىرىنى قايتا جانلاندۇرۇش جەريانى بولىدىكەن. «ئالتۇن كەش»نى ئوقۇپ ئۆزۈم ئوقۇغان كىتابلاردىكى ئۇۋچى، يەرلىك مىللەتچى، ئەكسىل ئىنقىلاپچى ئاتىلىپ تۇتۇلۇپ جاپا چەككەن يازغۇچى، ئۆلىما، رەھبەر ۋە مۇتەخەسسىلەر شۇنداقلا شېھىت بولغان قەھرىمانلار بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى....

« ئۇستاز ماڭغان ئۇيغۇرلۇق يولى» ناملىق ماقالىسىدا ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئىجادىتى تەپسىلى يېزىلغان بولسا، « ئىلھام توختى كىم ئۈچۈن قەھرىمان» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئىلھام توختى ھەققىدىكى بەزى ئاساسسىز پىكىرلەرگە رەددىيە بەرگەن. «مۇھاجىرەتتىكى بالىلار ۋە شېئىرلار» ناملىق كەڭ ھەجىملىك ماقالىدا بالىلارنىڭ ئانا تىلنى توغرا ئۆگىنىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشتە، قوشاق ۋە مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، «ھېكايەتتىن تۇغۇلغان تارىخ» ناملىق ماقالىدا،ئىلمىي تەتقىقاتلاردا پايدىلىنىش مەنبەلىرىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىش كېرەكلىكى، تارىخىي رومانلاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولمايدىغانلىقى ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتنىڭ بەكمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقى پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەددىدچىلىك يولى» ناملىق ماقالىسىدا، تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان «ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئاڭ 1921 – يىلى تاشكەنتتە ئېچىلغان يىغىندا شەكىللەنگەن» دېگەن سەپسەتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ ۋە 1911 – يىلى «ئۇيغۇر بالاسى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان نەزەرخوجا




ئابدۇسەمەتنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

«قەشقەردە ئوردا، جامە ۋە بازار» ناملىق ماقالىدا، قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئانالىز قىلىنغان. ھېيتگاھ جامە ۋە ئەتراپىغا جايلاشقان ئوردا ئالدى ۋە خام بازىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللەندۈرىدۇ. تارىختىن بېرى پۈت تىرەپ تۇرغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مۇشۇ ئۈچ ئاساسلىق ئېلمېنتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشى دەپ يەكۈنلەيدۇ. يەنى تىجارەت، ھاكىمىيەت ۋە مەنىۋىيەتنى بىر-بىرىگە زىتلاشتۇرماي ماسلاشتۇرۇلغانلىقى بايان قىلىنغان. ماقالىدە يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەت ۋە تۇڭگانلار ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، تىبەتلەرنىڭ تىجارەت جەھەتتىن يېتەرسىزلىكىنى، تۇڭگانلارنىڭ بولسا خىتاي مەدەنىيىتى تەسىرىدە بەك ئاجىز قالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بولسا تارىختىن بېرى كەلگەن تىجارەت قىلىش قابىلىيىتىنى تېخىچە ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن پۇل ئالماشتۇرۇش سودىسىنى خىتايدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار باشلاپ بەرگەن. ھازىرمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۈلتۈر جەھەتتىن ئەڭ باي مىللەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار بېرىلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ تىلى ئاممىباپ ۋە چۈشىنىشلىك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى



قەدىناس دوستلار



تىككۈچى قىزلار



چالغۇ ئەسۋابلىرى بازىرى



ساتىراش